
ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

# ئەكنەدە بىلەن ھۆرلقا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئېچىل داستىخان !
ئېچىلدى !!!
داستىخاندا لىق چۆچەك . . .



ISBN 978-7-228-10802-2
9 787228 108022 >
定价：4.50元

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى


## ئىسكەندەر بىلەن ھوۋلقا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان





شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ئۈرۈمچى 2007-يىلى



图书在版编目(CIP)数据

斯坎德尔与乌尔列卡：维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. - 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2007.1
(维吾尔民间故事)
ISBN 978-7-228-10802-2

Ⅰ.斯... Ⅱ.维...Ⅲ.维吾尔族 - 民间故事 - 作品集- 中国 - 维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I277.3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第006105号

策　　划：阿布都热合满.艾白
艾合买提.伊明

责任编辑：艾合买提.伊明
责任校对：阿布列孜.阿巴斯
封面设计：买买提.努比提

斯坎德尔与乌尔列卡（维吾尔文）
(维吾尔民间故事)
《维吾尔民间文学大典》编委会编

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐解放南路348号 邮编： 830001)
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
880×1230毫米 32开本 2.5印张
2007年1月第1版　2007年1月第1次印刷
印数：1-5000

---

ISBN 978-7-228-10802-2　　定价：4.50元

پىلانلىغۇچىلار: ئابدۇراخمان ئەبەي
ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن

مەسئۇل كوررېكتورى: ئابلىز ئابباس

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت


## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1230 × 880 مىللىمېتىر، 1/32

باسما تاۋىقى: 2.5

2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

2007 ـ يىل 1 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

تىراژى: 1 ــ 5000

ISBN 978-7-228-10802-2

باھاسى: 4.50 يۈەن

# ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر
# 55 كىتابچە نەشىردىن چىقتى

## ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)

چىن تۆمۈر باتۇر
ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا
ئالتۇن كوكۇللۇق بالا
كەنجى باتۇر
كېپەك خانىش
مەرۋان بىلەن تەرسا
ياغاچ ئات
ئۇر، توقماق
چۆچۈرە بالا
سىرلىق چىراغ
شاھزادە بىلەن ئالۋاستى
نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك
ئۆلمەي تۇرۇپ جەننەتنى كۆرۈش
باتۇر قىز
شەيتانىنىڭ تىجارىتى
بىلمەس تاز
تەلۋە كۇيئوغۇل
كەمەك ھەييار بىلەن مۇختەر ھەييار
شەيتاننى ئالدىغان تاز
ئادەمىي شەيتان

خىزىر نىياز
سېھىرلىك ئالما
ئۇسكەك پادىشاھ
قاينا، چۆگۈن
ئەقىللىق كەنجى قىز
ھەركىم قىلسا ئۆزىگە
يالتايغاق بوۋاي
ئۇجمە سايىسى
ئەپچىلەم
ئارغىماق ماجىراسى
ئىككى باينى ئەپلىگەن مالاي
ئۆرگىلىۋاي بىلەن چۆرگىلىۋاي
يەتتە لىڭگىلتاق بىلەن بىر شىڭگىلتاق
شىتىلە بىلەن پىتىلە
مازاقخور مازاقتا ئۆلەر
پادىشاھنىڭ كۈننى ئۇزارتىشى
ئېشەكنى ئۇرۇپ خوتۇننى قورقۇتۇش
موللام ئوغرىنى قانداق تاپتى
قازان تۇۋۇي
شاھ بىلەن شاتۇتى

ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرى — 1، 2، 3، 4، 5 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق چاقچاقلىرى(ھېسام چاقچاقلىرى) — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق مەسەللىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق ئويۇنلىرى — 1، 2، 3 (ھەر بىرى 4.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرى — 1، 2 (ھەر بىرى 3.50 يۈەن)
ئۇيغۇر خەلق لاپلىرى (3.50 يۈەن)

(بۇ بىر يۈرۈش 55 كىتابنىڭ ئومۇمىي باھاسى 244.50 يۈەن)

# مۇندەرىجە


ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا ......................... 1

ئۆشتىگەرنىڭ چارىسى ......................... 25

بۇلبۇلگويا ......................... 38

بېلىقچى يىگىت، ئالتۇنبېلىق ۋە ئاچ كۆز پادىشاھ ......... 62




# ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا

بۇرۇنقى زاماندا بىر كىشىنىڭ ئىسكەندەر دېگەن ئوغ-
لى بولغانىكەن. ئىسكەندەر چوڭ بولۇپ بالاغەتكە يەتكەندە،
ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى ئۆيلەش توغرىسىدا ئۆزئارا مەسلى-
ھەتلىشىپتۇ. ئۇلار بىر كۈنى كەچكى تاماقتىن كېيىن
ئىسكەندەرنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ:

— ئوغلۇم، بىز بولساق قېرىدۇق، يۇتىمىز گۆرگە
ساڭگىلاپ قالدى. كۆزىمىزنىڭ ئوچۇقىدا سېنى ئۆيلەپ
قويايلى دەۋاتىمىز، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ — دەپتۇ.

ئىسكەندەر بولسا، شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ جاھان كې-
زىشنى ئارزۇ - ھەۋەس قىلىپ يۈرگەنىكەن، چۈنكى ئۇ
يولۇچى ۋە جاھانكەزدىلەردىن بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھېكايە-
لەرنى ئاڭلاپ يۈرۈپ، كۆڭلىدە شۇنداق ئارزۇ - ھەۋەس
قوزغالغانىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ:

— ئۆيلىنىش قېچىپ كەتمەس، كۆڭلۈمدە بار چوڭ
ئارزۇ - ھەۋەس. ئەگەر سىلەر رازىلىق بەرسەڭلار، مەن
ئالدى بىلەن جاھاننى بىر كېزىپ كەلسەم، — دەپتۇ.

يالغۇز ئوغلىنىڭ كۆڭلىدە بۇنداق ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپتۇ ـ دە:

— مەيلى، ئوغلۇم، ئەگەر كۆڭلۈڭدە شۇنداق ئارمىنىڭ بولسا، بىز رازى، — دەپ رازىلىق بىلدۈرۈپتۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئاتا ـ ئانا ئىسكەندەرنىڭ يول تەييارلىقىنى باشلاپتۇ ۋە بىر كۈنى جۇمەدىن كېيىن ئوغ-لىنى كارۋانلارغا قوشۇپ سەپەرگە ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلارمۇ ئۆتۈپتۇ. كارۋانلار شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ، ساتىدىغان ماللىرىنى سې-تىپ، ئالىدىغان ماللىرىنى ئېلىپ قايتماقچى بولغاندا، ئىسكەندەر ئاتا ـ ئانىسىغا: «مەن ئامان ـ ئېسەن يۇرت كېزىپ يۈرىمەن. مېنىڭدىن قايغۇرماڭلار. مەن ئەمدى باشقا شەھەرگە كەتتىم» دەپ ئىككىلىك خەت يېزىپ كارۋانلاردىن ئەۋەتىۋېتىپ، ئۆزى باشقا شەھەرگە كېتىپتۇ.

ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ. ئىسكەندەر شەھەرمۇ شەھەر كېزىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەردىن بىر كۈنى چوڭ بىر شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرسە، ناھايىتى چىرايلىق كىيىن-گەن نۇرغۇن كىشىلەر بىر ياققا كېتىپ بارغۇدەك. بۇ شۇنداق نۇرغۇن كىشىلەر ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى كۆرۈنمىگۈدەك.

ئىسكەندەر ئۇلارنىڭ نەگە كېتىپ بارغانلىقىنى سورد-سا، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋاب بەرمەستىن، پەقەت ئۆز ـ

ئۆزىگە: «ھە خۇدا، ماڭا تاشلىسىدى» دېگەن گەپنىلا دەپ يولىغا كېتىۋېرىپتۇ. ئىسكەندەر ئۇياق - بۇياققا قارىسا، بىر ئىشىك تۈۋىدە بىر موماي قاراپ تۇرغۇدەك. ئىسكەندەر يۈگۈرۈپ مومايىنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ - دە:

— موما، بۇ كىشىلەر نەگە ۋە نېمە ئىشقا كېتىپ بارىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھوي بالام، بۇ شەھەردىكى خاننىڭ ھۆرلىقا دېگەن بىر قىزى بار. ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىق بىر قىزكى، ئەگەر جاھاندا چىرايلىق ئىككى بولسا، بىرى شۇ قىز، ئەگەر بىرلا بولسا، ئۆزى شۇ. ئەنە شۇ قىزغا پۈتۈن جاھاندىكى شاھزادىلەر، بەگزادىلەر ۋە بايلارنىڭ بالىلىرى ئاشىق بولۇپ ئەلچىلەر ئەۋەتىشتى، لېكىن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى كىمگە بېرىشنى بىلمەي، ئاخىر ئىختىيارنى قىزنىڭ ئۆزىگە قويغان، شۇنىڭدىن كېيىن قىز پۈتۈن يىگىتلەرنىڭ شەھەر دەرۋازىسىدىن ئۆتۈشىنى ئۇقتۇردى. قىز دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ئۆتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر - بىرلەپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئۆزىگە ياققان بىرەر يىگىتكە ئالما تاشلىغۇدەك. بۇ كىشىلەر ئەنە شۇ دەرۋازىدىن ئۆتۈشكە كېتىپ بارىدۇ، — دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ موماي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرمۇ توپقا قوشۇلۇپ، كىشىلەرنىڭ كەينىدىن مېڭىپتۇ. بىر يەرگە بارغاندا، دەرۋازىنىڭ ئۈستىدە قولىدا بىر تال ئالما تۇتقان شۇنداق

چىرايلىق بىر قىزنى كۆرۈپتۇ، ئۇ قىز شۇنداق چىرايلىق ئىكەنكى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغۇدەك. شەھەر خەلقى دەرۋازىدىن ئۆتۈۋات- قۇدەك، لېكىن قىز ئالمى- نى ھېچكىمگە تاشلىمىغۇ- دەك. كىشىلەر دەرۋازىغا يەتكۈچە چوڭ ئۈمىد بىلەن بارىدىكەن، ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىنىپ، روھى چۈشۈپ كېتىدىكەن. ھەممىنىڭ كەينىدىن ئىسكەندەر دەرۋازىغا يېتىپ بېرىشى بىلەنلا، قىز قول- دىكى ئالمىنى ئىسكەندەرگە



قارىتىپ تاشلاپتۇ. قىزنىڭ ئالمىنى نى - نى كېلىشكەن شاھزادىلەر ۋە بەگزادىلەرگە تاشلىماي، ئاددىي بىر يىگىتكە تاشلىغىنى ئۇچۇن ھەممە ھەيران بوپتۇ. ئەمما، ئىسكەندەرمۇ ناھايىتى چىرايلىق، پېشانىسى ئوچۇق ۋە ئەقىللىق يىگىت ئىكەن.

قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، چوڭ توي - تۆكۈن ئۆتكۈزۈپ، قىزنى ئىسكەندەرگە نىكاھلاپ قويۇپتۇ ۋە ئۇلارغا ئۆي تۇتۇپ بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، يەنە بىرنەچچە ئايلار ئۆتۈپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۆز شەھىرىگە قايتىش ئويىغا كەپتۇ - دە، خوتۇنىغا:

— ھۆرلىقا، مەن پالانى شەھەرنىڭ پۇقراسى، مېنىڭمۇ ئاتا - ئانام، قوۋم - قېرىنداشلىرىم بار. مەن جاھان كېزىپ چىققانىدىم، مانا خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، شەھەرلەرنى كەزدىم، تەقدىر - ئىرادە بىلەن ئىككىمىز قوشۇلۇپ ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى سەن ئاتا - ئاناڭدىن رۇخسەت ئالساڭ، مېنىڭ ئاتا - ئانامنىڭ ئالدىغا بارساق، — دەپ مەسلىھەت سېپتۇ.

ھۆرلىقا بۇ مەسلىھەتنى توغرا كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئېيتىپتۇ. قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ رازىلىق بېرىپتۇ ۋە كۆپ سوۋغا - سالاملار بىلەن ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپتۇ.

ئىسكەندەر ئۆز شەھىرىگە تونۇتوغرا كەتمەستىن، يەنە كۆرمىگەن شەھەرلەرنى كۆرۈپ كېتىش ئۈچۈن شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ مېڭىپتۇ. ئۇلار كۆپ چۆللەرنى بېسىپ، قانچە دەريالاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇن شەھەرلەرنى كېزىپ ۋە تالاي تاغلارنى ئېشىپ چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ. شەھەردە ئۇلارنىڭ تونۇشى بولمىغانلىقى ئۈچۈن نېمە قىلىشنى بىلمەي، شەھەرنىڭ چېتىدە ئىگىسىز بوش تۇرغان بىر ئۆيگە چۈشۈپ جايلىشىپتۇ.

ئۇلارنىڭ يول ئوزۇقلىرى تۈگەپ، ئاقچىلىرى ئاز قالغانىكەن، ئەمما ئىسكەندەر بۇ توغرىدا ھۆرلىقاغا ھېچنېمە دېمەپتۇ ۋە ئۆزىچە خىجالەت بولۇپ، خىيال بىلەن ئېڭىكىنى تۇتقىنىچە ئولتۇرۇپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن ھۆرلىقا ئاستا ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ئىسكەندەر، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە سەۋەبتىن شۇنچە خىيالغا چۆكۈپ ئولتۇرىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىسكەندەر:

— يولغا ئالغان ئوزۇقىمىز تۈگىدى، ئاقچىمۇ بىر - ئىككى كۈنگە يەتكۈدەكلا قالدى. يولىمىز تېخى ئۇزاق، تونۇش - بىلىشلەرمۇ يوق، نېمە قىلىشنى بىلمەي خىيال سۈرۈپ قالدىم، — دەپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ھۆرلىقا ئېرىنىڭ كۆڭلىنى يۇپۇتۇپ:


— شۇنىڭغىمۇ شۇنچە خىيال سۈرەمسىز؟ قويۇڭ، بىر ئىلاجى بولۇپ قالار. ھازىر بازارغا بېرىپ ئىككى نان، بىر

گەز ياخشى شايى، قىرىق بىر تۈرلۈك يىپەك يىپ ئەكې-
لىڭ، — دەپ ئىسكەندەرنى بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

ئىسكەندەر بازارغا بېرىپ، ئىككى نان، بىر گەز ياخ-
شى شايى، قىرىق بىر تۈرلۈك
يىپنى ئەكەپتۇ.

ئاخشىمى ئەر - خوتۇن
ئىككىسى ئولتۇرۇپ ھېلىقى
ئىككى نان بىلەن چاي ئىچىپ
قورساقنى توقلاپتۇ، كېيىن
ھۆرلىقا:

— سىز ئەمدى ئارام ئې-
لىڭ، ھېرىپ كەتتىڭىز، — دەپ
ئىسكەندەرگە ئورۇن سېلىپ بې-
رىپتۇ. ئىسكەندەر يېتىپ
ئۇخلاپتۇ ۋە ھۆرلىقانىڭ كېچىچە
نېمە ئىش قىلغانلىقىنى بىلمەپتۇ.



تۇ. ھۆرلىقا بولسا كېچىسى قاراڭغۇدا ئۆلتۈرۈپ، ھېلىقى يىپلار بىلەن شايىدىن ناھايىتى چىرايلىق كەشتە ياغلىق توقۇپتۇ، ئۇنى سەھەرگە يېقىن پۈتكۈزۈپ قوزۇقتا ئىلىپ قويۇپتۇ ـ دە، يېتىپ ئۇخلاپتۇ.

ئەتىگەنلىكى ئىسكەندەر ئۇيقۇدىن تۇرسا، ھۆرلىقا ئۇخلاۋاتقان، قوزۇقتا ناھايىتى چىرايلىق بىر كەشتە ياغلىق ئېسىقلىق تۇرغان. ئىسكەندەر شۇنچە شەھەرلەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ ھېچ يەردە ۋە ھېچقاچان بۇنداق چىرايلىق ياغلىقنى كۆرۈپ باقمىغانىكەن. ئۇ ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ ھەيران بولۇپ: «ئەجەبا، بىزدە بۇنداق چىرايلىق كەشتە ياغلىق يوق ئىدىغۇ، بۇ نەدىن كېلىپ قالدى؟» دەپ ئەجەبلىنىپ تۇرغىنىدا، ھۆرلىقا ئويغىنىپتۇ. ئۇ ئىسكەندەرگە:

ــ ئەجەبلەنمەڭ، بۇنى مەن كېچىچە ئولتۇرۇپ، تۈنۈگۈن سىز بازاردىن ئەكەلگەن يىپ ۋە شايىدا توقۇدۇم. ئەمدى سىز بۇنى بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ كېلىڭ. يۈز يامبۇ بەرمىسە، ساتماڭ. ساتقاندىن كېيىن بىر كۈنلۈك ئوزۇق ۋە يەنە تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاش بىر گەز شايى ۋە قىرىق بىر تۈرلۈك يىپ ئەكېلىڭ. شۇنداق قىلىپ، ئۈچ ـ تۆت قېتىملا كەشتە توقۇپ ساتساق، يولغا يېتەرلىك ئوزۇق جايلىۋالىمىز، ــ دەپ ئىسكەندەرنى يەنە بازارغا ئەۋەتىپتۇ.

ئىسكەندەر كەشتە ياغلىقنى قاتلاپ قوينىغا سېپتۇ ـ دە، بازارغا كېتىپتۇ. ئۇ بازارغا بېرىپ قوينىدىكى ياغلىق-

نى شۇنداق چىقىرىشى بىلەنلا، كىشىلەر ياغلىقنىڭ چىراي-لىقلىقىغا ھەيران قېلىشىپ ئىسكەندەرنى ئورىۋېلىشىپتۇ.

ھەركىم بۇ كەشتە ياغلىقنى سېتىۋېلىشقا قىزىقىپ ئۆزئارا تالىشىپ قاپتۇ. شۇ ئارىدا شۇ شەھەردىكى خاننىڭ بالىسى بازارنى ئارىلاپ تاماشا قىلىپ يۈرگەنىكەن، ئۇ بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، بۇ كىشىلەر نېمىنى شۇنچە تالىشىۋاتىدىكىنە، دەپ قارىسا، ناھايىتى چىرايلىق بىر كەشتە ياغلىقنىڭ سودىسى بولۇۋاتقان. ئۇنىڭمۇ ھەۋىسى كېلىپ بۇ ياغلىقنى ئالغۇسى كەپتۇ ۋە توپنىڭ ئارىسىغا يېرىپ كىرىپ:

— توختاڭلار، خالايىق، توختاڭلار، ياغلىقنى تالاشماي بۇياققا بېرىڭلار! بۇنىڭ ئىگىسى كىم؟ باھاسى قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئاڭغىچە بۇ ياغلىقنى تالىشىپ، بىر - بىرلىرى بىلەن بوغۇشۇۋاتقان كىشىلەر شاھزادىگە گەپ قىلالماي، ياغ-لىقنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ.

— ياغلىقنىڭ ئىگىسى مەن، باھاسى يۈز يامبۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىسكەندەر.

شاھزادە دەررۇ يۈز يامبۇنى چىقىرىپ بېرىپتۇ - دە، ياغلىقنىڭ چىرايلىقلىقىغا ھەيران بولۇپ، پاھ، پاھ، ئە-جەبمۇ چىرايلىق توقۇلغان ياغلىق ئىكەنا! بۇنى توقۇغان قانداق گۈزەلنىڭ چېۋەر قولىدۇ؟ ئۇنى ئەلۋەتتە كۆرۈش ۋە قولغا چۈشۈرۈش كېرەك، دېگەن ئويغا كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئاستا ئىككى دوستىنى چاقىرىپ:

— سىلەر ھېچكىمگە بىلىندۇرمەستىن ئاۋۇ يىگىتنىڭ كەينىدىن بېرىپ، ئۇنىڭ بارغان يېرىنى، ئۇ بارغان يەردە كىملەر بارلىقىنى تولۇق بىلىپ كېلىڭلار، — دەپ ئىسكەندەرنى كۆرسىتىپتۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئىشتىن خەۋىرى يوقلا بازاردىن كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. ئۇنى پايلاپ يۈرگەن ھېلىقى ئىككى يىگىت كەينىدىن يوشۇرۇنچە ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. ئىسكەندەر ئۆزى چۈشكەن ئۆيگە كېلىپ دەرۋازىدىن كىرسە، ھۆرلىقا ھويلىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ يۈرگەنىكەن. ئۇ دەررۇ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قولىدىكى نەرسىلەرنى ئاپتۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھېلىقى پايلاپ كەلگەن ئىككى پايلاقچى دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ كۆرۈپتۇ. كېيىن ئۇلار شاھزادىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بىز ھېلىقى يىگىتنىڭ كەينىدىن پايلاپ بارساق، ئۇ شەھەرنىڭ چېتىدىكى بىر ئۆيگە كىرىپ كەتتى. دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ قارىساق، شۇنداق چىرايلىق بىر جۇۋان ھويلىنى سۈپۈرۈپ يۈرۈپتۇ، ئېھتىمال شۇ يىگىتنىڭ خوتۇنى بولسا كېرەك. ئۇ جۇۋاننىڭ چىرايلىقلىقىنى بىر دېمەڭ، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، — دەپتۇ.

— دېمەك، بۇلار باشقا يۇرتتىن كەلگەن كىشىلەر ئىكەن. ئۇنداق بولسا بۈگۈن كەچتىلا ئىشنى باشلايلى، — دەپتۇ شاھزادە ۋە ئىككى دوستى بىلەن كەچتە ھېلىقى

جۇۋاننى ئېرىدىن تارتىپ ئەكېلىشكە مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ قويۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈن كەچ بوپتۇ. ئىسكەندەر بىلەن ھۆرلىقا كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ ئۇزاق پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر يېتىپ ئۇخلاپتۇ، ھۆرلىقا بولسا قاراڭغۇدا ئولتۇرۇپ كەشتە توقۇشقا باشلاپتۇ.

تۈن يېرىمدىن ئۆتۈپ، پۈتۈن شەھەر ئۇيقۇغا كەتكەندىن كېيىن، شاھزادە ئىككى دوستىنى ئەگەشتۈرۈپ ئىسكەندەر تۇرغان ئۆيگە كەپتۇ. ئۇلار ئاستا دەرۋازىنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ، لېكىن ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچالماي ئىشىكنى بۇزۇشقا باشلاپتۇ.

شۇ ئارىدا ھۆرلىقا بۇ تاراق - تۇرۇقتىن قورقۇپ ئىسكەندەرنى ئويغىتىپتۇ. ئاڭغىچە شاھزادە ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئۆيگە كىرىپ، زورلۇق بىلەن ھۆرلىقانى سۆرەپتۇ. ئىسكەندەر قانچىلىك قارشىلىق قىلسىمۇ، يالغۇزلۇق قىلىپ كۈچى يەتمەپتۇ. ھېلىقى ئۈچى ئىسكەندەرنى ئۇرۇپ ھوشىدىن كەتكۈزۈپ، پۇت - قولىنى باغلاپ، كوچىدىكى بىر كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا ــ پاتقاقتا تاشلىۋېتىپتۇ - دە، ھۆرلىقانى ئەكېتىپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەنلىكى مۆمىن دېگەن بىر كىشى ھارۋا ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، كۆۋرۈككە كەلگەندە ئېتى ئۈركۈپ ئۆتمەپتۇ. ھارۋىكەش ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ قارىسا،

پۇت ـ قولى باغلانغان بىر ئادەم لايغا مىلىنىپ ياتقۇ-
دەك. ئۇ دەررۇ ئىسكەندەرنىڭ پۇت ـ قوللىرىنى يېشىپ
هارۋىغا ساپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئەكېتىپتۇ.

مۆمىن ئىسكەندەرنى يۇيۇپ، قۇرۇق كىيىملەرنى كىي-
دۈرۈپ، كۆرپىلەرگە ئوراپ ياتقۇزۇپتۇ. ئىسكەندەر خېلى
ۋاقىتلاردىن كېيىن هوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارى-
سا، بىر يات كىشىنىڭ ئۆيىدە ياتقان. ئىسكەندەرنىڭ
كۆزىنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەن مۆمىن:

— سەن كىم بولىسەن؟ نەدىن كەلدىڭ؟ نېمە سەۋەب-
تىن بۇ ئەھۋالغا دۇچار بولدۇڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئىسكەندەر ئۆزىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى ۋە نېمە سە-
ۋەبتىن بۇ يەرلەرگە كېلىپ، بۇ ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ
قالغانلىقىنى باشتىن ـ ئاياغ سۆزلەپ بېرىپتۇ، لېكىن بۇ
ئىشنى قىلغانلار كىم، هۆرلىقانى كىملەر، نەگە ئەكەتكەن-
لىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. مۆمىن ئاكا بۇنى ئاڭلاپ:

— قايغۇرما، ئۇكا، ئوغۇل بالىنىڭ بېشىغا ھەر
ئىشلار كېلىدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭ مۇشۇ شەھەردە بولسا، ئۇ-
نى تېپىش ئاسان، ئۇنى تېپىشقا مەن ياردەم قىلىمەن، —
دەپ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى يوپۇتۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ئىس-
كەندەر ئاۋۋالقى ھالىغا كەپتۇ. بىر كۈنى مۆمىن ئاكا
بازارغا بېرىپ خۇرجۇننىڭ ئىككى بېشىنى تولدۇرۇپ ھەر
خىل ئۇششاق ـ چۈششەك ماللارنى، يەنى يىپ ـ يىڭنە،

ئەينەك، دورا ـ دەرمانلارنى ئەكەپتۇ ۋە ئۇنى بىر سېۋەتكە سېلىپ:

ـــ مانا، ئۇكام، بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن ـ قىزلارغا كېرەكلىك نەرسىلەر، سەن مۇشۇ نەرسىلەر بىلەن كوچىمۇكوچا يۈرۈپ سېتىقچىلىق قىل، مۇشۇ نەرسىلەر ئارقىلىق خوتۇنۇڭ بىلەن تېپىشىسەن. بۇگۈن ماڭغان كو-چىلار بىلەن ئەتىسى ماڭما، ھەر كۈنى باشقا ـ باشقا كو-چىلار بىلەن ماڭ. شۇنداق قىلىپ، بىرنەچچە كۈنىڭ ئىد-چىدە پۈتۈن شەھەرنى ئايلىنىپ چىقىسەن. ئاۋازىڭنى ئايىـ-ماستىن: «ئەلەڭگە ـ مەلەڭگە، سەرەڭگە، مېنىڭدىكى ھەر نەرسە كېرەك بولۇر ھەدەمگە» دەپ ۋارقىراپ ماڭ، ـــ دەپ ئىسكەندەرگە بېرىپتۇ.


ئىسكەندەر سېۋەتنى كۆتۈرۈپ: «ئەلەڭگە ـ مەلەڭگە، سەرەڭگە، مېنىڭدىكى ھەرنەرسە كېرەك بولۇر ھەدەمگە» دەپ ۋارقىرىغىنىچە كوچىمۇكوچا يۈرۈپتۇ. ھەربىر ھويلىدىن خوتۇن ـ قىزلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، بەزىلىرى يىپ ـ يىڭنە، بەزىلىرى سۈزگە ـ تارغاق، بەزىلىرى دورا ـ دەر-مان، قىسقىسى ھەركىم ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئې-لىشىپتۇ، لېكىن ھۆرلىقا ھېچ يەردىن چىقماپتۇ. ئىسكەن-دەر شەھەرنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، بىر كۈنى خان سارىيىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ.

ھۆرلىقا ئەنە شۇ سارايىنىڭ ئۈستۈنكى ئۆيىدە ئىككى قىزنىڭ كۆزىتىشى ئاستىدا تۇرىدىكەن. ئۇ قايغۇ ـ ھەس-

رەت بىلەن خىيال سۈرۈپ دېرىزە ئالدىدا ئولتۇرسا، ئۇنىڭ قۇلىقىغا تونۇش بىر ئاۋاز ئاڭلىنىپتۇ، شۇنداق بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىدىن قارىسا، «ئەلەڭگە ـ مەلەڭگە، سەرەڭ ـ گە...» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىر سېۋەتتە جىق ئۇششاق ـ چۇششەكلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆز ئېرى ئىسكەندەر كېتىپ بارغۇدەك. ھۆرلىقا يېنىدىكى قىزلارغا بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن:

ـــ قىزلار، مېنىڭ بېشىم ئاغرىپ تۇردۇ، ئاۋۇ كو ـ چىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغان كىشىدىن باش ئاغرىقىنىڭ دورىسى بولسا ئەكىرىڭلار. ئۆزۈڭلارغىمۇ بىرەرنەرسە كې ـ رەك بولسا ئېلىڭلار، ـــ دەپ پۇل بېرىپتۇ.

قىزلار يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەتكەندە، ھۆرلىقا بىر پارچە قەغەزگە خەت يېزىپ تەييارلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ قىزلار ئۆزلىرىگىمۇ كې ـ رەكلىك نەرسىلەرنى ئې ـ لىپ، بىر قۇتا دورا كۆ ـ تۈرۈپ كىرىپتۇ. ھۆرلىقا دورىنى ئېلىپ قارىغان بوپتۇ ـ دە، ئاستاغىنا ھېلىقى خېتىنى قۇتىنىڭ ئىچىگە ساپتۇ ۋە:



ـــ بۇ دورا ئۆزىمىز ـ

دىمۇ بارغۇ، مەن باشقا ياخشىراق دورا بارمىكىن دېۋۇ-
دىم. بۇنىڭ كېرىكى يوق، مەڭلار، ئاچىقىپ قايتۇرۇپ
بېرىڭلار، — دەپتۇ.
قىزلار قۇتىنى ئېلىپ يەنە يوگۇرۇشۇپ چىقىپتۇ -
دە، ئىسكەندەرنى توختىتىپ:
— بۇ دورا مەلىكەمنىڭ ئۆزىدە بار ئىكەن، — دەپ
قايتۇرۇپ بېرىپتۇ. لېكىن، بۇ ئىشلارنى نە قىزلار، نە
ئىسكەندەر چۈشەنمەپتۇ. شۇنداق قىلىپ، ئىسكەندەر كەچ-
كىچە كوچىمۇ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ كەچقۇرۇن قايتىپ
كەپتۇ.
ئۆيدە كەچلىك تاماقنى يەپ ئولتۇرۇپ، مۆمىن ئاكا:
— ئىشلىرىڭ قانداق، بالام؟ ھۆرلىقانى كۆرەلىدىڭ-
مۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئىسكەندەر:
— ياق، بۈگۈنمۇ كۆرەلمىدىم، ئىشىم نەتىجىسىز، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. لېكىن، مۆمىن ئاكىنىڭ كۆڭلى بىر
نەرسىنى تۇيغاندەك قىلىپ:
— سېنىڭ بىلەن سۆزلەشكەن ياكى بىرەر نەر-
سەڭنى ئېلىپ قايتۇرۇپ بەرگەن كىشىلەر بولدىمۇ؟ —
دەپ سوراپتۇ. شۇ چاغدا ئىسكەندەر ماڭغان كوچىلىرىنى،
قەيەردە، كىملەرگە نېمىلەرنى ساتقانلىقىنى بىر - بىرلەپ
يادىغا ئاپتۇ - دە:
— ھە راستلا، بۈگۈن بىر چوڭ ئىمارەتنىڭ ھويلى-
سىدىن ئىككى قىز چىقىپ بىر قۇتا دورا ئېلىپ كىرىپ

كەتكەندى، لېكىن قايتىپ چىقىپ، بۇ دورا مەلىكەمنىڭ ئۆزىدە بار ئىكەن، دەپ قايتۇرۇپ بەردى، — دەپتۇ. مۆمىن ئاكا:

— قېنى، سېۋەتنى بېرى ئەكەلگىنە، — دەپ، سېۋەتتىكى قۇتىلارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ قاراپتۇ ۋە بىر قۇتىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە خەتنى تېپىپ، — مانا، بالام، مۇنۇ خەتنى ئوقۇپ كۆرگىنە، — دەپ ئىسكەندەرگە بېرىپتۇ.

ئىسكەندەر خەتنى ئېلىپ ئوقۇپ كۆرسە: «مەن خانىنىڭ سارىيىدا، ئۇستۇنكى ئۆيدە. سىزنى كۆردۈم، لېكىن ئالدىڭىزغا چىقىشقا ئامالىم بولمىدى، چۈنكى مەن كۆزەت ئاستىدا تۇرىمەن. سۆزىنىڭ قىسقىسى، جۈمە كېچىسى تەييارلىنىپ كېلىڭ، قېچىپ قۇتۇلىمىز. ھۆرلىقا» دەپ يېزىلغانىكەن. ئىسكەندەر خۇشال بولۇپ، ئەمدى قانداق قىلىش توغرىسىدا مۆمىن ئاكىدىن مەسلىھەت سوراپتۇ. مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرنىڭ دولىسىنى قېقىپ تۇرۇپ:

— مانا، ھۆرلىقا تېپىلدى، ۋەدە جۈمە كېچىسى ئىكەن. ئاڭغىچە تەييارلىق كۆرۈش كېرەك، — دەپتۇ. ئەتسىدىن باشلاپ ئىسكەندەر تەييارلىق كۆرۈشكە باشلاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ. مۆمىن ئاكا ئىسكەندەرگە يولغا كېتەرلىك ئوزۇق ۋە ياخشى ئىككى ئاتنى توقۇپ تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئاخشىمى ئىسكەندەر بىر ئاتنى مىنىپ، بىر ئاتنى سالتاڭ يېتى يېتىلەپ ھېلىقى

سارايىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئۆيدە تېخى چىراغ ئۆچمىگەنىد-
كەن. ئۇ: «بالدۇر كېلىپ قاپتىمەن، ئەمدى چىراغ ئۆچكۇ-
چە بىر دالدىغا كىرىپ بىرئاز كۈتۈپ تۇراي» دەپ، چەترەك
بىر يەرگە بېرىپ تامنىڭ دالدىسىغا ئۆتۈپتۇ ـ دە، ئاتتىن
چۈشۈپ چۇلغۇۇرىدىن تۇتۇپ ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ قاياقتا قې-
چىش، نېمە قىلىش خىيالى بىلەن ئولتۇرۇپ كۆزى ئۇيقۇ-
غا كېتىپ قاپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بۇ يەردىن بىر ئوغرى ئۆتۈپ
كېتىپ بېرىپ، ئاتلارنىڭ پۇرقۇشلىرىنى ئاڭلاپ قاپتۇ،
كېلىپ قارىسا، توقۇقلۇق ياخشى ئىككى ئاتنى چۇلغۇۇرىدىن
تۇتۇپ بىر كىشى ئۇخلاۋاتقان. بۇنى كۆرگەن ئوغرى: «مانا،
خۇدايىم بەردى، ئامەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ، ئاستا
يېقىن كېلىپ ئىسكەندەرنىڭ قولىدىكى چۇلغۇۇرنى كې-
سىپتۇ ـ دە، ئاتنىڭ بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلەپ
كېتىپتۇ.

ئىسكەندەر ئۇيقۇچىلىقتا ھېچنېمىنى سەزمەي يېتىۋې-
رىپتۇ. دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ھۆرلىقا تەييارلىنىپ،
ئىسكەندەرنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ دېرىزىدىن كوچىغا قاراپ
تۇرغانىكەن.

بىر چاغدا ھېلىقى ئوغرى ئاتلارنى دۈپۈرلىتىپ، شۇ
كوچا بىلەن سارايىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. دېرىزىدىن
قاراپ تۇرغان ھۆرلىقا قاراڭغۇدا بۇنى ئىسكەندەر دەپ قاپ-
تۇ ـ دە، تەييارلاپ قويغان بىر خۇرجۇن ئالتۇننى دېرىزد-

ـدىن تاشلاپتۇ ۋە ئۆزى ئېھتىيات بىلەن قەدەم بېسىپ تاشـ
قىرىغا چىقىپتۇ.

ئوغرى ئالدىغا چۈشكەن بۇ نەرسىگە ھەيران بولۇپ، ئاتتىن ئېڭىشىپ قارىسا، ئىچىگە لىق بىرنېمە تولدۇرۇلغان خۇرجۇن. ئۇ دەررۇ ئاتتىن چۈشۈپ خۇرجۇننى ئېچىپ قاـ
رىسا ئالتۇن. بۇنى كۆرگەن ئوغرى خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، ئۇنى ئاتقا ئارتىپتۇ. شۇ ئارىدا ھۆرلىقا يېتىپ كېلىپ:

— قېنى، چاپسانراق بولۇڭ، بىرەر كىشى كۆرۈپ قالغۇچە كېتەيلى، — دەپتۇ. ئوغرى بولسا ئۆز - ئۆزىگە: «مانا، ئامەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ» دەپ، بىر ئاتقا ھۆرلىقاـ
نى مىنگۈزۈپ، بىر ئاتقا ئۆزى مىنىپ «چۇھ» دەپ تاغقا قاراپ كېتىپتۇ.

ئۇلار كېچىچە يول مېڭىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن تاغقا يېتىپتۇ، ئوغرى ئۆزى ياشايدىغان بىر ئۆڭكۈرگە ھۆرلىقاـ
نى ئېلىپ كىرىپتۇ. يورۇق چۈشكەندە ھۆرلىقا ھېلىقى كىشىگە قارىسا، ئىسكەندەر ئەمەس، باشقا بىر كىشى. «ئاھ، ئەمدى راسا قولغا چۈشۈپتىمەنغۇ» دەپتۇ ھۆرلىقا ئىچىدە. ئوغرى ھۆرلىقانىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان ھەسـ
رەتنى سېزىپ:

— نېمىدىن شۇنچە خاپىسىز، خېنىم؟ چىرايىڭىزنى ئاچسىڭىزچۇ، مانا بۇ دۇنيالارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ، — دەپ، ئۆڭكۈردىكى ساندۇقلىرىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى

ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئۈنچە ـ مارجان ۋە مەرۋايىتلارنى
هۆرلىقانىڭ ئالدىغا تۆكۈپتۇ. لېكىن، هۆرلىقا سىر
بەرمەستىن:

ـــ ياق، نېمىدىن خاپا بولاتتىم، پەقەت ئات مىنىپ
ئۆگەنمىگەنلىكىمدىن هېرىپ قالسام كېرەك، ـــ دەپ
قويۇپتۇ.

ئوغرى خۇشاللىقىدىن قىلىدىغان قىلىق تاپالماي قاپ-
تۇ. هۆرلىقا بولسا، بۇنىڭ قولىدىن قانداق قىلىپ قۇتۇ-
لۇشنىڭ ئىلاجىنى ئىزدەپ:

ـــ ئۇھ، خويمۇ ئۇسساپ كەتتىما، ئازراق سۇ تې-
پىلامدىكىن؟ ـــ دەپ سۇ سوراپتۇ. ئوغرى ئورنىدىن ئىر-
غىپ تۇرۇپ:

ـــ سىز ئۈچۈن سۇ تۈگۈل، ئۇنىڭدىن باشقىلىرىمۇ
تەييار، ـــ دەپتۇ ۋە يۈگۈرۈپ بېرىپ بۇلاقتىن بىر ئاپقۇر
سۇ ئەكېلىپ، ئازراق قېتىق قوشۇپ دوغاپ قىپتۇ ـ دە،
هۆرلىقاغا ئۇزىتىپتۇ. هۆرلىقا دوغاپتىن ئازراق ئىچىپتۇ ـ
دە، هەر ئېهتىمالغا قارشى يانچۇقىغا سېلىۋالغان زەهەرنى
ئېلىپ ئاستا دوغاپقا ئارىلاشتۇرۇپتۇ ۋە:

ـــ سىزمۇ ئۇسساپ قالغانسىز، ئازراق ئىچىۋېلىڭ، ـــ
دەپ دوغاپنى ئوغرىغا ئۇزىتىپتۇ. ئوغرى دوغاپنى ئېلىپ
بىر كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپتۇ ـ دە، بىرئازدىن كېيىن كۆز-
لىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ يىقىلىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن هۆرلىقا ئۆز كىيىملىرىنى خۇر-

جۇنغا سېلىپ، ئوغرىنىڭ ساندۇقىدىكى ئەرەنچە كىيىملەر-نى ئېلىپ كىيىپ، ئاتقا مىنىپ قېچىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، هۆرلىقا كۈن بويى مېڭىپ تاغلاردىن ئېشىپتۇ، چۆللەردىن ئۆتۈپتۇ. كەچ كىرىپ تۈن باشلىنىپتۇ. تۈن بويى مېڭىپ كۆپ دەريالارنى بېسىپ ئۆتۈپ، يەنە بىر تاغ-قا كەپتۇ. تاڭ سەهەردە تاغدىن ئېشىپ كېتىپ بارسا، ئاسماندا بىر قۇش ئۇچۇپ يۈرگۈدەك، يەرگە قارىسا ناهايىتى نۇرغۇن كىشى قۇش قاياققا ئۇچسا شۇ ياققا قاراپ، قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگۈدەك.

بىر ۋاقىتتا قۇش ئەگىپ - ئەگىپ تۆۋەنلەپ چۈشۈپ هۆرلىقانىڭ بېشىغا قونۇپتۇ. قۇشنى ئەگىشىپ يۈرگەن كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ: «ۋاي خان ئالىيلىرى، مۇبارەك بولسۇن !» دېيىشىپ هۆرلىقانى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، قولمۇقول كۆتۈرۈپ دېگۈدەك خان ئوردىسىغا ئەكېتىشىپتۇ.

هۆرلىقا هېچنېمىنى چۈشەنمەي، ۋەقەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئەسلىدە بۇ شەهەرنىڭ خانى ئۆلۈپ قالغانىكەن، خاننىڭ تەخت ۋارىسى يوق ئىكەن، شۇڭا شەهەر خەلقى خانلىق تالىشىپ ئۆزئارا چىقىشالماستىن، ئاخىر خاننىڭ دۆلەت قۇشى دەپ ئاتالغان قۇشنى ئۇچۇرۇپ: «ئەگەر شۇ قۇش كىمنىڭ بېشىغا قونسا شۇ خان بولىدۇ» دېگەن قارارغا كەلگەنىكەن. شۇ قۇش هۆرلىقانىڭ بېشىغا كېلىپ قونغىنى ئۈچۈن قارارغا مۇۋاپىق ئۇنى شۇ شەهەرگە خان قىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى

ھېچكىم بىلمەپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ھۆرلىقا ئايالچە كىيىملىرىنى كىيىپ ئۆزىنىڭ سۈرىتىنى سىزدۇرۇپتۇ - دە، يەنە ئەرەنچە كىيىنىۋاپتۇ، كېيىن ساراي باشقۇرغۇچىنى چاقىرىپ:

— مۇشۇ سۈرەتنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپ، ئۇنىڭ يېنىغا قاراۋۇل قويۇڭ. ئەگەر كىمدەكىم شۇ سۈرەتنى كۆرۈپ «ئاھ - ۋاھ» ئۇرسا، دەررۇ مېنىڭ ھۇزۇرۇمغا ھەي-



دەپ كېلىڭ، ــ دەپ ئەمر قىپتۇ.
ساراي باشقۇرغۇچى خاننىڭ ئەمرىنى ئورۇنداپ، سۇ-رەتنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ ۋە قاراۋۇللارنى قويۇپ-تۇ. ئەمدى گەپنى ئىسكەندەردىن ئاڭلايلى:
ئىسكەندەر ئۇخلاپ قېلىپ ئاتلىرىنى ئوغرىغا ئالدۇرۇپ قويغان كۈننىڭ ئەتىسى: «خاننىڭ كېلىنى قېچىپ كېتىپ-تۇ» دېگەن گەپ پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپتۇ. غەزىپى قايىـ-نىغان شاھزادە: «ئاسمانغا چىقىپ كەتسە تاپىمىزدىن، يەرگە كىرىپ كەتسە چېچىدىن تارتىپ چىقىمەن» دەپ، يۇرتمۇ يۇرت ئايلىنىپ ئىزدەشكە باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىس-كەندەرمۇ: «دېمەك، هۆرلىقا قۇتۇلۇپ كېتىپتۇ. ئەمدى بىز نەدە بولمىسۇن تېپىشىپ قالارمىز» دەپ، ئۇنى ئىزدەپ يولغا چىقىپتۇ.
كۈنلەردىن بىر كۈنى شاھزادە هۆرلىقانى ئىزدەپ يۈ-رۈپ، دەل شۇ هۆرلىقا خانلىق قىلىۋاتقان شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. شەھەرگە كىرىشتە دەرۋازىدا ئېسىقلىق تۇرغان ھې-لىقى سۈرەتنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە: «ئاھ، جېنىم خوتۇنۇم، نەلەردە ۋە كىملەرنىڭ قولىدا يۈرىدىغانسەن؟» دەپ ئاھ ـ ۋاھ ئۇرۇپتۇ. نۆكەرلەر شۇ زامات ئۇنى تۇتۇپ، پۇت ـ قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي خاننىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. هۆرلى-قا ئۇنى شۇ زامات زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ.
يەنە بىر كۈنى ئىسكەندەر مۇشۇ شەھەرگە كېلىپ قاپ-تۇ. ئۇمۇ دەرۋازىدىكى سۈرەتنى كۆرۈپ: «ئاھ، جېنىم خو-

تۇنۇم، نەلەردە ۋە كىملەرنىڭ قولىدا يۈرىدىغانسەن؟» دەپ ئاھ ـ ۋاھ ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. نۆكەرلەر بۇنىمۇ خان-نىڭ ھۇزۇرىغا ئېلىپ كەپتۇ. ھۆرلىقا ئۇنى تونۇسىمۇ تونۇماسقا سېلىپ، ئۇنىمۇ زىندانغا تاشلاشقا ئەمر قىپتۇ.

ھۆرلىقا شۇ كۈنى پۈتۈن شەھەرنىڭ ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك جىمىكى ئاھالىسىگە ئوردىنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىشنى ئۇقتۇرۇپتۇ. شەھەردىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەم كۆرسىتىلگەن ۋاقىت-تا ساراي ئالدىدىكى مەيدانغا توپلىنىپتۇ ۋە نېمە ئىش بولىدىكىن دەپ كۈتۈپ تۇرۇشۇپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ھۆرلىقاخان ۋەزىرلىرى بىلەن بىرگە چىقىپتۇ ۋە ئىسكەندەر بىلەن ھېلىقى شاھزادىنى زىنداندىن ئالدۇرۇپ چىقىپ:


— ئەي پۇقرالىرىم ! مەن سىلەرنىڭ قارارىڭلار بويىـ-چە خانىڭلار بولۇپ ھۆكۈم سۈرۈۋاتىمەن. ئەمدى مېنىڭ سىلەرگە ئاشكارىلايدىغان بىر سىرىم بار، قۇلاق سېلىڭلار. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن ئەركەك ئەمەس، بەل-كى ئايال كىشىمەن. مېنىڭ ئېرىم بار ئىدى، لېكىن بىز-نىڭ بېشىمىزغا بەختسىزلىك كېلىپ، ئىككىمىز بىر ـ بىرىمىزدىن ئايرىلىپ كەتكەندۇق، مانا ئەمدى تېپىشتۇق. مېنىڭ ئېرىم مانا بۇ يىگىت، — دەپ ئىسكەندەرنى كۆر-سىتىپتۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئۇ-نىڭدىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋام قىلىپ، — بىزنىڭ

بېشىمىزغا بۇ دىشۋارچىلىقلارنى سالغان مانا بۇ قارا نىيەت، ــ دەپ شاھزادىنى كۆرسىتىپ ۋە بېشىدىن ئۆت-كەنلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ، ئاخىرىدا، ــ قارا نىيەت شاھزادىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ، ئاتقا سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈڭلار. ئەمدى مەن خانلىقنى ئىنىم ئىسكەندەرگە تاپشۇرىمەن، ــ دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.

ياساۋۇللار ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، شاھزادىنى بىر ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ قويۇۋېتىپتۇ. ئات ئۇنى سۆرەپ، تېپىپ يۇرۇپ پارچە - پارچە قىلىۋېتىپتۇ.

ئىسكەندەر شۇ كۈندىن باشلاپ تەختتە ئولتۇرۇپ خان-لىق قىلىشقا باشلاپتۇ ۋە ئاتا - ئانىسىنىمۇ يېنىغا ئەكې-لىۋاپتۇ.





# ئۆشتىگەرنىڭ چارىسى

زامانلارنىڭ زامانىسىدا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئا-رىسىدا بىر ئۆشتىگەر ياشىغانىكەن. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئە-كەلگەن ماتاسىنى ئۆشتە قىلىپ (سىلىقلاپ) بېرىپ، شۇ-نىڭ بىلەن جان باقىدىكەن. ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىر ئۆچكى-سى بولۇپ، ئۇنىڭ سۈتىدە چاي سۈتلەپ ئىچىدىكەن، قاي-مىقىنى تولكە ئوغرىلاپ ئىچىپ كېتىدىكەن. شۇنداق كۈن-لەرنىڭ بىرىدە، ئۆشتىگەرنىڭ خوتۇنى ئېرىگە:

— ئۆيدە قالغۇدەك ھېچنېمە قالمىدى، مەن قالدى - قاتتى ئۇننى يىغىشتۇرۇپ خېمىر يۇغۇرسام، سىلى جاڭ-گالغا بېرىپ ئوتۇن ئەكەلسىلىمۇ بوپتىكەن، — دەپتۇ. ئۆشتىگەر:

— ماقۇل، — دەپتۇ - دە، بىر چىنە قېتىقنى ئې-لىپ، ئۆستىگە بىر زاغرىنى يېپىپ، ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ، كەكىسىنى بېلىگە قىستۇرۇپ: «جاڭگال دېگەن نە-دىسەن؟» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. جاڭگالغا يېقىن قالغاندا، بىر چىغىنىڭ تۆۋىدىن بىر جۇپ تورغاي ئۇچۇپ چىقىپتۇ،

ئۆشتىگەر ئېگىشىپ قارىسا تورغاينىڭ ئۇۋىسى، ئۇنىڭدا بىرنەچچە تورغاي تۇخۇمى تۇرغۇدەك. كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنگەنلىكتىن تۇخۇمدىن ئىككىنى ئېلىپ قوينىغا سې- لىپ يولغا راۋان بوپتۇ. چاشگاھ ۋاقتى بىلەن ئوتۇن ئالد- ىغان جاڭگالغا بېرىپتۇ. بىردەم ئارام ئالغاندىن كېيىن يەرنى كولاپ قېتىق بىلەن ناننى سوغۇقراق تۇرسۇن دەپ شۇ يەرگە قويۇپ، ئۇستىگە شاخ - شۇمبا بىلەن بەلگە قىپتۇ، «بۇ يەرنى تاپالماي قالماي» دەپ ئارغامچىنىمۇ تاشلاپ، ئۇچىنى سۆرىتىپ قويۇپ، جاڭگالغا ئىچكىرىلەپ مېڭىپتۇ ۋە قۇرۇق دەرەخلەرنى تېپىپ كەسلەشكە باشلاپ- تۇ. نەق شۇ چاغدا ئۆشتىگەرنىڭ ئالدىدىن بېشى بولۇتتا، ئۆزى يوغان ۋە كۆرۈمسىز، سەت بىرنەرسە چىقىپ كېلىپ:

— سەن كىم؟ بۇ يەردە نېمە ئىزدەپ ئۆملەپ يۈرد- سەن؟ — دەپ ھەيۋە بىلەن سوراپتۇ.

ئۆشتىگەر قارىسا، بىر بەھەيۋەت دىۋە. ئۇ ئۆزىنى توختىتىپ:

ئېتىم مېنىڭ ئەلەم نۇر،
كەسپىم بىلسەڭ ئۆشتىگەر،
داڭقىم ئالەمگە مەشھۇر.
ئىشتىسە مېنى دىۋىلەر،
ئۇخلىيالماس راھەتتە.

كۆھىقاپمۇ قوزغىلار
قالمايلى دەپ غەپلەتتە.
ئەمما مەنمۇ بوش ئەمەس،
جاڭگاللارنى كېزىمەن.
ئاختۇرۇپ توقايلارنى،
دېڭىزلارنى ئىزدەيمەن.
چۈنكى مېنىڭ ئوزۇقۇم
دېڭىزلارنىڭ گۆشىدۇر.
ناشتىلىقىم ئالۋاستى،
ئىنسۇجىنىنىڭ تۆشىدۇر.

دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان دېڭىزنىڭ يۈرىكى جىغىلداپ، كۆزلىرى چەكچىيىپتۇ ۋە ئۆز ئايىغى بىلەن رەقىبىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن مىڭ بىر پۇشايمان قىپتۇ. دېڭىزنىڭ ئارسالدى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ئۈشتىگەر:

— سەنچۇ، بۇ يەرلەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن، — دەپتۇ دېۋە بوش كەلمەسلىككە تىرىشىپ، — دېڭىزلارنىڭ باتۇرىمەن. ئۆزۈڭدىن بېرى ئادەم گۆشى يېيىش ئارزۇيۇم بار ئىدى، مۇشۇ ئارزۇ يولىدا تالاي دەشتلەرنى كەزدىم، بىراق ئىشىم ھېچ ئوڭدىن كەلمىگەندى، بۇگۈن مۇشۇ جاڭگالنى بىر ئوۋلاپ باقاي دېگەن



نىيەتتە بۇ يەرگە كېلىپ سېنى كۆردۈم.

ــ ئۇنداق بولسا، ــ دەپتۇ ئۇشتىگەر، ــ كەل، ئىككىمىز كۈچ سىنىشىپ باقايلى، سەن يەڭسەڭ، مېنى يە، مەن يەڭسەم، سېنى يەي !

دىۋە بۇ تەكلىپكە كۆنۈپتۇ ۋە ئالدىدا چۈمۈلىدەك ئۆ-مىلەپ يۈرگەن بۇ ئادەمنى قانداق قىلىپ يەڭسەم بولىدى-كىن، دېگەن خىيالدا قاپتۇ.

ــ مەن بىلەن كۈچ سىنىشىشقا رازى بولدۇڭ-ھە؟ ــ دەپ قايتا سوراپتۇ ئۇشتىگەر.

ــ ھە... ئە... ــ دەپتۇ دىۋە دۇدۇقلاپراق.

— چىلىشايلى دېسەك، سىنىڭ بويۇڭ ئېگىز، مېنىڭ بويۇم پەس، قامالاشمىغۇدەك. ئەگەر سەن رازى بولساڭ، ئىككىمىزنىڭ قايسىمىز يەرنىڭ مېغىزىنى چۇۋۇپ، توغراقتىن ياغ چىقىرالىساق، شۇنى باتۇر سانايلى، بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىغاننى بىلگىنىمىزنى قىلايلى، — دەپتۇ ئۇشتىگەر. دىۋە بۇ شەرتكە كۆنۈپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، نۆۋەت سىنىڭكى، قېنى، يەرنىڭ مېغىزىنى چۇۋۇپ، ئاۋۇ توغراقتىن ياغ چىقىرىپ باقە! — دەپتۇ ئۇشتىگەر.

دىۋە غەزەپ بىلەن تۇگۇلۇپ يەرنى تەپكەنىكەن، يەردىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ، بىراق يەرنىڭ مېغىزى چۇۋۇلماپتۇ. ئۆز ئىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن دىۋە خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئۇشتىگەر:

— ھېلىھەم نۆۋەت سىنىڭ، ئەگەر سەن ئاۋۇ توغراقتىن ياغ چىقىرالىساڭ، يولۇڭغا كېتىۋەر، بولمىسا مەن كۈچۈمنى كۆرسىتىپ، بىلگىنىمنى قىلىمەن، — دەپتۇ.

دىۋە ئۇشتىگەر كۆرسەتكەن توغراق غولىنى قامالاپ، پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ سىققانىكەن، توغراقنىڭ قوۋزاقلىرى ئاجراپ قولىغا چىقىپتۇ، ئەمما ئۇنىڭ يېغى كۆرۈنمەپتۇ.

— ئەمدى سەن قاراپ تۇر، مەن كۈچۈمنى كۆرسىتەي، — دەپتۇ ئۇشتىگەر.

ئۆشتىگەر قېتىقنى كۆمۈپ قويغان يەرنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، يەرنى بىر تەپكەنىكەن، قېتىق توپىغا مىلىنىپ چاچراپ چىقىپتۇ. كېيىن ھېلىقى دىۋە سۇندۇرۇۋەتكەن توغراقنىڭ قېشىغا بېرىپ، قويندىن تورغاينىڭ تۇخۇمىنى ئېلىپ، دىۋىگە كۆرسەتمەي ئىككى ئالىقىنىغا قويۇپ توغراقنى سىققانىكەن، بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدىن تۇخۇم- نىڭ سېرىقى بىلەن ئېقى ئېقىپ چىقىپتۇ. بۇنى كۆرگەن دىۋە ھاڭقېتىپ قاپتۇ ۋە ئۆشتىگەردىن ساق - سالامەت قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشىپتۇ. دىۋىنىڭ ئەندىشىدە قالغانلىقىنى سەزگەن ئۆشتىگەر:

— ھەي دىۋە، ئېيتىپ باقە، قايسىمىز كۈچلۈك ئى- كەنمىز؟ ! — دەپتۇ.

— سىز ! — دەپتۇ دىۋە، كېيىن، — مەن سىزگە كۆپ بىئەدەپلىك قىپتىمەن، ئەگەر مالال كەلمىسە، شۇ بىئەدەپلىكىمنى كەچۈرسىڭىز، ئىككىمىز دوست بولساق، بۈگۈن مېنىڭ مېھمىنىم بولۇپ، ئۆيۈمگە بىللە بارسىڭىز.

— خوپ ! — دەپتۇ ئۆشتىگەر، — مەن بۇ چاغقىچە ھېچكىمنىڭ گېپىنى يەردە قويغان ئەمەس، سېنىڭ خالى- غىنىڭچە بولسۇن !

ئۆشتىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋە خۇشاللىقتىن ئۆزىنى ئاران تۇختىتىپ، مېھمىنىنى باشلاپ ئۆيىگە بې- رىپتۇ ۋە ئۆشتىگەرنى تۈرلۈك تائام ۋە مېۋىلەر بىلەن مېھمان قىپتۇ. ئۆشتىگەر ئالدىغا تىزىلغان تائام ۋە مېۋ-

لەر ئىچىدىن كۆزىگە چىرايلىق ۋە ئاجايىپ كۆرۈنگەنلىرى-
نى ئېلىپ يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ. ئاڭغىچە كۈن پېتى-
تىپ زاۋال بوپتۇ. دىۋە ئۈشتىگەرنىڭ ناھايىتى ئاز تائام
يېگەنلىكىگە ھەيران قالغان بولسىمۇ، سوراشقا پېتىنالماي،
ساراي ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئورۇن سېلىپ ئۈشتىگەرنى
ئارام ئېلىشقا تەكلىپ قىپتۇ. ئۈشتىگەر كىرىپ قارىسا،
دىۋىنىڭ سالغان ئورنى تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇلىدا ئىمىش. ھە،
بۇ ھارامزادە مېنى كېچىچە ئۆلتۈرۈشنى پەملەپتۇ دەپ،
چىراغنىڭ يورۇقىدا تۆت تەرەپكە قارىسا، ھەر يوغان تەك-
چىلەر تۇرغۇدەك. ئەگەر بىرەر ئىش بولسا تەكچىگە چىقى-
ۋېلىشنى ئويلاپ، ئورۇنغا كىرىپ يالغاندىن ئۇخلىغان بو-
لۇپ پۇشۇلداپتۇ. خېلىغىچە ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماراپ
تۇرغان دىۋە ئۈشتىگەرنىڭ پۇشۇلدىشىنى ئاڭلاپ تالاغا مى-
ڭىپتۇ. ئۈشتىگەر قولاق سېلىپ ياتسا، بىر چاغدا ساراي-
نىڭ ئۆگزىسى غارسىلداشقا باشلاپتۇ. ئۈشتىگەر دەرۇ ئور-
نىدىن تۇرۇپ تەكچىگە چىقىۋاپتۇ. دىۋە تۈڭلۈكنىڭ ئۇدۇ-
لىغا كېلىپ ئۈشتىگەرنىڭ ياتقان يېرىگە تاش تاشلاپتۇ. بۇ
ئىش تاڭ ئاتقۇچە تەكرارلىنىپتۇ. تاڭ ئېتىپ، كۈن قىزى-
رىشقا باشلىغاندىلا دىۋە تاش ئېتىشنى توختىتىپ، ئۆگزى-
دىن چۈشۈپتۇ. بۇنى سەزگەن ئۈشتىگەر دەرھال ئورۇنغا
كىرىپ يېتىۋاپتۇ. دىۋە ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ
تىڭشىسا، ئۈشتىگەرنىڭ خورىكى ئاڭلىنىۋاتقۇدەك. ئىلگىرى
تاشلىغان تاشلىرىغا كېيىنكى تاشلىغان تاشلىرى تېگىپ

قاڭقىپ يوتقاننىڭ ئۈستىدە بىر تالمۇ تاشنىڭ قالمىغانلى-
قىدىن خەۋەرسىز قالغان دىۋە سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئىچىپ
قارىسا، ئۈشتىگەر يوتقاننىڭ ئىچىدە ئاۋۋال ئاخشامقىدەك
پۇشۇلداپ ياتقۇدەك. بۇنى كۆرگەن دىۋە بۇ ھەقىقەتەن باتۇر



ئىكەن، ھەرنېمە بولسا بىر ئەھۋال سوراپ باقاي دەپ ئويلاپ:

— ھەي بۇرادەر، تاڭ ئاتتى، ئۇخلاۋېرەمسىز؟ — دەپ-تۇ. ئۇشتىگەر بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ:

— كېچىدىن بۇرگىلىرىڭ يوتقانىنىڭ ئۇستىدە جەڭ قىلىپ ئۇخلاتمىدى. ئەمدى كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىپتىكەن، سەن ۋارقىرىغىلى تۇردۇڭمۇ؟! — دەپتۇ. ئۇشتىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋە مەن تاشلىغان تاشلارغا ئۆلمەي، ئۇنى تېخى بۇرگىگە ئوخشىتىۋاتىدۇ، دېمەك، بۇ ھەقىقىي باتۇر-نىڭ ئۆزى ئىكەن، بۇنىڭ بىلەن مەن زادى تەڭ كېلەلمەي-گۇدەكمەن دەپ، قايتىپ چىقىپ، ئۇشتىگەرنىڭ ئەتىگەنلىك چېيى ئۇچۇن تەييارلىق كۆرۈپتۇ. چايمۇ ئىچىلىپتۇ. ئۇش-تىگەر خوشلىشىپ مېڭىشقا تەمشەلگەندە، دىۋە بىر ساندۇقتا ئالتۇن قاچىلاپ كۆتۈرۈپ چىقىپ:

— ئەي پالۋان، بۇ مېنىڭ سىزگە قىلغان سوۋغىتىم، ئالغاچ كېتىڭ! — دەپتۇ.

ئۇشتىگەر قارىسا، يوغان بىر ساندۇق. ئۇنى كۆتۈرۈش ئەمەس، ئورنىدىن يۆتكەشكىمۇ خېلى كۈچ كېرەك. «بۇ يەردىمۇ بىر ھىيلە ئىشلىتەي» دەپتۇ ئۇ ئۆز - ئۆزىگە. شۇنىڭ بىلەن ئۇ دىۋىگە:

— بىزنىڭ رەسىم - قائىدىمىزدە، بىرەر كىشى دوستلىرىغا يوللۇق تۇتسا، ئۇنى ئۆزى ئاپىرىشىپ بېرىدۇ. ئەگەر سەنمۇ بۇنى كۆڭۈل - كۆكسۈڭدىن چىقىرىپ سوۋ-

غات قىلغانىكەنسەن، ئۆيۈمگە ئاپىرىپ بەرگىن، بولمىسا، مەن ئەكەتمەيمەن، — دەپتۇ.

دېۋە بۇ سۆزنى قوبۇل قىلىپ، ئۇشتىگەر بىلەن بىللە ساندۇقنى ئۆشنىسىگە ئارتىپ يولغا چۈشۈپتۇ. بۇلار ئاز ماڭدىمۇ - جىق ماڭدىمۇ، بۇنىسى بىزگە نامەلۇم، ئىشقىلىپ ئۇشتىگەرنىڭ ئۆيىگە يېقىن كەپتۇ. بۇ چاغدا ئۇشتىگەرنىڭ خوتۇنى ئۆگزىگە چىقىپ ئېرى كەتكەن تەرەپكە قاراپ تۇرغانىكەن. بۇنى كۆرگەن ئۇشتىگەر دېۋىگە قاراپ:

— ئەي بۇرادەر، كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ خوتۇنۇم ئۆگزىگە چىقىپ يولۇمغا قاراپ تۇرۇپتۇ. مەن ئالدىنراق بېرىپ سېنىڭ بىلەن ئاغىنە بولغانلىقىمنى ئۇقتۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ، — دەپتۇ.

دېۋە بۇ سۆزگە ماقۇل بولۇپ، ساندۇقنى يەرگە قويۇپ ئارام ئېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇشتىگەر ئۆيىگە كېلىپ:

— خوتۇن، چاققان بول، ئۆيگە كىر، قازان - قومۇ-چۇڭنى تاراقشىتىپ تۇر. مەن ئاۋۇ دېۋىنى باشلاپ كىرگەندە، سەن ماڭا: «هوي، مېهمانغا ئېتىدىغان ئاشقا قايسى دېۋىنىڭ گۆشىنى توغرايمەن؟» دېگىن، — دەپتۇ. خوتۇنى بۇ گەپكە هەيران بولغان بولسىمۇ، بۇنىڭ تېگىدە بىرەر سىر بولسا كېرەك دەپ، ماقۇل بوپتۇ.

ئۇشتىگەر دېۋىنى باشلاپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختاپتۇ. دېۋىنى ئۆيگە باشلاي دېسە، ئۇنىڭ پاتمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئىشىك ئالدىغىلا سورۇن تۈزۈپتۇ. بۇلار ئەمدى

ئولتۇرغانىكەن، ئۆي ئىچىدىن ئۇشتىگەرنىڭ خوتۇنى:
— هوي ئادەم، مېهمانغا چوڭ دىۋىنىڭ گۆشىنى توغرايمۇ، كىچىكىنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
ئۇشتىگەر جاۋاب بەرگۈچە، دىۋە ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپتۇ. دىۋىنى قاچۇرغان ئۇشتىگەر خوتۇنىغا بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بېرىپ، ساندۇقتىكى ئالتۇننى ئۆيىگە توشۇشقا باشلاپتۇ.
ئەمدى سۆزنى تۈلكىدىن ئاڭلايلى:
ئۇشتىگەرنىڭ ئۆچكىسىنىڭ سۈتىدىن سۇزۇۋېلىنغان قايماقنى ئىچىپ ئۆگىنىپ قالغان تۈلكە تىلىنى بىر غېرىچ چىقىرىپ كېلىۋاتقانىكەن، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇشتىگەرنىڭ ئۆيىدىن قاچقان دىۋە ئۇچراپتۇ. دىۋىنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قارىماي قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۈلكە:
— هەي دىۋە، نېمىدىن شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭ؟ — دەپتۇ. دىۋە تۈلكىگە ئۇشتىگەرنىڭ ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلىغان تۈلكە:
— هەي ئەخمەق، «ئېگىز ئادەم ئەخمەق كېلىدۇ» دېگەن راستىكەن. بويۇڭغا قارىسا، بۇلۇتقا تاقىشىدۇ، ئەمما مېڭىڭچىلىكمۇ ئەقلىڭ يوق ئىكەن. مەن كۈندە بېرىپ ئۇنىڭ ئۆچكىسىنىڭ سۈتىنىڭ قايمىقىنى قاقشىتىپ تۇرۇپ ئىچىپ كەلگەن يەردە، سەن قاچساڭ قانداق بولغىنى؟ يۈر، مەن سېنى باشلاپ بېرىپ ئۇشتىگەردىن ھەممە ئەلىمىڭنى ئېلىپ بېرەي، خالىساڭ ئالدىڭغىمۇ سېلىپ بېرەي! —

دەپتۇ.

— بۇ گەپنى سەن راستتىن ئېيتىۋاتامسەن؟ — دەپتۇ دىۋە.

— ھەئە، — دەپتۇ تۈلكە قۇيرۇقىنى ئوينىتىپ. دىۋە ئويلاپ، تۈلكە دېگەن ھارامزادە بولىدىغان، بۇ يوغان گەپ قىلىپ ئايرىپ مېنى بىر بالاغا تىقمىسۇن يەنە دېگەن يەرگە كەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ دىۋە، — كەل، قۇيرۇ-قۇڭغا ماۋۇ ئارغامچىنى باغلاپ شۇنى تۇتۇپ ماڭاي، ئەگەر مېنى ئالدايدىغان بولساڭ، بىلىپ قوي، قۇيرۇقۇڭ مەندە، ئۆزۈم بىلگەننى قىلىمەن.

تۈلكە بۇ شەرتكە كۆنۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئىككىسى يولغا چۈشۈپتۇ.

ئالتۇننى ئۆيگە توشۇپ بولغان ئۇشتىگەر ئۆگزىگە چىقىپ ئەتراپقا نەزەر سالغىنىدا، كۆزىگە يېتىلىشىپ كې-لىۋاتقان تۈلكە بىلەن دىۋە چېلىقىپتۇ. ئۇشتىگەرنى غەم بېسىپتۇ. ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ، كۆڭلىنى توختىتىپ قارد-سا، تۈلكە يېقىنلا كېلىپ قالغانمىش.

— ھەي ھارامزادە تۈلكە، — دەپتۇ ئۇشتىگەر تۈلكى-گە خىتاب قىلىپ، — مەندىن بىر دىۋىگە پۇل ئالغىنىڭغا ھەپتە بولدى، ئۈچ كۈندە كېلىمەن دەپ كېلىشىڭ بۇگۈن-مۇ؟ بومۇ مەيلى، يەنە كېلىپ مېنىڭ ئاغىنەمنى ئالداپ كەلگىنىڭ ئۈچۈن مەن سېنى قانداق قىيناپ ئۆلتۈرسەم

بولىدۇ، قېنى، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن ئېيتىپ باقە؟!

ئۈشتىگەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان دىۋە تۈلكە مېنى ساتقىلى ئەكەلگەنىكەن، دېگەن ئويغا كەپتۇ ـ دە، تۈلكىنى سۆرىگەن پېتى باياۋانغا قېچىپتۇ ۋە كېتىپ بېرىپ تۈلكىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ يەرگە بىر ئۇرۇپتىكەن، تۈلكىنىڭ غىققىدە جېنى چىقىپ كېتىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن ئۈشتىگەر تۈلكىنىڭ بوزەك قىلىشىدىن قۇتۇلۇپ، ئاخىرقى ئۆمرىگىچە خۇشال ياشاپتۇ.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، شۇنىڭدىن بۇيان دىۋە ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان بولغانمىش.

# بۇلبۇلگويا

بۇرۇن بىر پادىشاھ ئۆتكەنىكەن. كۈنلەردىن بىر كۈنى ئۇ بېغىنى سەيلە قىلىپ، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپتۇ ۋە ھارغاندىن كېيىن باغنىڭ ئوتتۇرىسىدى-كى ئەتراپى رەڭمۇرەڭ گۈللەر بىلەن قاپلانغان باراڭدا دەم ئېلىپ يېتىپ، ھەرخىل گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلارنىڭ سايراشلىرىدىن مەست بولۇپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

بۇنىڭدىنمۇ چىرايلىق بىر باغ، باغدا خىلمۇخىل مې-ۋىلەر پىشىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، تۈرلۈك - تۈ-مەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك. قۇشلارنىڭ ئارىسىدا بەكمۇ چىرايلىق بىر قۇش ئالايىتەن بىر يېقىملىق ئاۋاز بىلەن ھەممە قۇشلاردىن چىرايلىق سايرىغۇدەك، ئۇنىڭ ھەربىر سايرىشىدا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتى-لىپ چۈشكۈدەك. بۇ قۇشنىڭ ئېتى بۇلبۇلگويا ئىكەن.

پادىشاھ: «ئاھ، بۇلبۇلگويا» دەپ ئويغىنىپ كېتىپتۇ. قارىسا ئۆز بېغى، ھەرقاچاندىكى مەنزىرە — گۈللەر ئېچى-

لىپ، قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان. «بۇ مەنزىرىگە بىر بۇل-بۇلگويا بولارمىدى؟ !» دەپ ئويلاپتۇ پادىشاھ.

ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ پادىشاھنىڭ ئەس - خىيالى ھېلىقى چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگويادا قاپتۇ.

پادىشاھ: «ئاھ، شۇ بۇلبۇلگويانى بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ سايراشلىرىنى بىر ئاڭلىسام !» دېگەن ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن كۈندىن - كۈنگە خىيالغا چۆكۈپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، چىرايى سارغىيىپ، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتىدىغان بوپتۇ. ئاتىسىنىڭ بۇ ئەھۋالىنى كۆرگەن بالىلىرى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن بۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن:

— ئاتا، سىزگە نېمە بولدى؟ نېمە بۇنچە خىيالغا چۆكۈپ، چىرايىڭىز سارغايدى؟ نېمە ئارزۇ - ئارمىنىڭىز بار؟ — دەپ سوراپتۇ، لېكىن پادىشاھ:

— قويۇڭلار، بالىلىرىم، مېنىڭ دەردىمنى سوراپ نې-مە قىلىسىلەر؟ سىلەر سورىماڭلار، مەن ئېيتماي، — دەپ زادى ئېيتقىلى ئۇنىماپتۇ. لېكىن، بالىلىرى ئاتىسىغا تىنچلىق بەرمەي ھەر كۈنى سوراۋېرىپتۇ. ئاخىر ئاتىسى ئۆزىنىڭ باغدا يېتىپ كۆرگەن چۈشىنى ۋە شۇ چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگوياغا ئىشق - پىراقى چۈشكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەنە شۇ بۇلبۇلگويانى كۆرۈش، ئۇنىڭ سايرىشىنى ئاڭلاش ئارزۇ - ئارماندا ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىپتۇ. شۇ ۋاقىتتا پادىشاھنىڭ تۇنجى ئوغلى:

— بۇنىڭغىمۇ شۇنچىۋالا خىيال سۇرۇپ، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلامسىز، ئاتا؟ مەقسىتىڭىز شۇنداق ئىكەن، نېمىشقا شۇ چاغقىچە بىزگە ئېيتمايسىز؟ مانا بىز — بالىلىرىڭىز ئەلۋەتتە ئۇ بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىپ، سىزنى مۇرادىڭىزغا يەتكۈزەلەيمىز، — دەپتۇ. ئوتتۇرانچى ئوغلىمۇ شۇنداق دەپتۇ. كېيىن بالىلىرى بۇلبۇلگويانى تېپىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتلىنىشقا ئاتىسىدىن ئىجازەت سوراپتۇ.

پادىشاھ، بۇلبۇلگويانىڭ قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس، ئۇنى تاپالامدۇ، تاپالمامدۇ، دەپ ئويلاپتۇ، ئاخىر دا:

— مەيلى، ئىزدىسەڭلەر ئىزدەپ كۆرۈڭلار، تېپىپ كەلسەڭلار ئەجەب ئەمەس. بالىلىرىم، ئۇنى ئۆز كۆزۈم بىلەن بىر كۆرۈپ، سايرىشىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن بىر ئاڭلاپ ئۆلسەم ئارمىنىم يوق، — دەپ ئىجازەت بېرىپتۇ.



شۇ چاغدا پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلىمۇ:

— ئاتا، مەنمۇ باراي؟ — دەپ ئىجازەت سوراپتۇ.

ئاكىلىرىنىڭ: «قوي، ئۇكام، يول ئۇزۇن ۋە قىيىن، سەن بولساڭ تېخى كىچىك، قىينىلىپ قالىسەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىدا ئويناپ - كۈلۈپ يۈرۈۋەرگىن» دېگىنىگە، ئاتا - ئانىسىنىڭ: «ياق، بالام، سەن تېخى سەپەرگە چىقىپ باقمىغان، ئاكىلىرىڭ بارسۇن، سەن بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئويۇنۇڭنى ئويناپ يۈرۈۋەرگىن» دېگىنىگە كۆنمەي:

— ياق، بارىمەن دېدىم بارىمەن، — دەپ يىغلاپ تۇرۇۋاپتۇ. پادىشاھ:

— نەسىھەتكە كۆنمىسەڭ، مەيلى بېرىۋەر، بالام، كۆرگۈلۈكۈڭ بولسا كۆرەرسەن، — دەپ، ئۇنىڭغىمۇ رۇخسەت بېرىپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا سەپەرگە تەييارلىنىشقا باشلاپتۇ، يول ئۇزۇقى ئۈچۈن ياغلىق توقاچلارنى ياقتۇرۇپ، سۇر گۆشلەرنى پىشۇرۇپ ئۈچ خۇرجۇننى تولدۇرۇپتۇ، تاغدىكى يىلقىلىرىنىڭ ئارىسىدىن ئەڭ ياخشى ئۈچ ئاتنى تاللىۋاپتۇ، ئۇلارغا يولغا ئالغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرىنى ئارتىپ ۋە ئاتا - ئانىسىدىن دۇئا ئېلىپ يولغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەرنىڭ كەينىدىن كۈنلەر، ھەپتىلەرنىڭ كەينىدىن ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇلار كۆپ دەريالارنى كېچىپ، ئۇزۇن

يوللارنى بېسىپتۇ، تاغلاردىن ئېشىپ، چۆل - باياۋانلارنى كېزىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلارغا ئۈچ ئاچا يول ئۇچراپتۇ. بۇ ئۈچ ئاچا يولنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا يوغان بىر تاش بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىلغانىكەن. خەتتە ئوڭ تەرەپتىكى يول «بارسا كېلەر»، ئوتتۇرىسىدىكى يول «بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس»، سول تەرەپتىكى يول «بارسا كەل-مەس» دەپ يېزىلغانىكەن.

ئەنە شۇ يەردە بۇ ئۈچ ئاكا - ئۇكا: «ئەمدى ھەرقاي-سىمىز ئۆز ئالدىمىزغا باشقا - باشقا ماڭايلى، ئىزدىگەن بۇلبۇلگويانى بىرىمىز تاپالمىساق، يەنە بىرىمىز تاپارمىز» دېيىشىپ، ئۈچى ئۈچ يولغا چۇشۇپ ماڭماقچى بولۇشۇپتۇ، لېكىن ھېچقايسىسىنىڭ «بارسا كەلمەس» يولغا ماڭغۇسى كەلمەپتۇ. ئاكىلىرىنىڭ مۇشۇ ئوي بىلەن قىينىلىپ تۇر-غانلىقىنى كۆرۈپ:

— مەيلى، ئاكىلار، «بارسا كەلمەس» يولغا مەن ما-ڭاي، سىلەر باشقىلىرىدا مېڭىڭلار، — دەپتۇ كەنجىسى.

— مەن «بارسا يا كېلەر، يا كەلمەس» يولغا ماڭاي، — دەپتۇ ئوتتۇرانچىسى.

— ئۇنداق بولسا مەن «بارسا كېلەر» يولغا ماڭاي، — دەپتۇ تۇنجىسى.

ئۇلار قايسىبىرىنىڭ قايتقان، قايسىبىرىنىڭ تېخى قايتمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن، ئەگەر كىم ئىلگىرى قايتقۇدەك بولسا، ئەنە شۇ تاشقا ئۆز ئىسمىنى ۋە قايتقان

كۈننى يېزىپ كېتىشى ھەققىدە شەرتلىشىپتۇ - دە، ئۈچ ئاكا - ئۇكا ئۈچ يولغا چۈشۈپ، ئۈچ تەرەپكە راۋان بوپتۇ.

بۇلارنىڭ ئەڭ كىچىكى شۇ كېتىشى بىلەن كۆپ يول يۈرۈپ، چۆل - باياۋانلارنى، تاغ - ئېدىرلارنى بېسىپ ئۆ- تۈپتۇ، يول ئۇزۇقى تۈگەپتۇ، ئېتىنىڭ تاقىلىرى ئۇپراپ چۈشۈپ، ئېتى تېشىقاپ كېتىپتۇ، شۇنداق بولسىمۇ يولنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر بۈك بوستانلىقنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇ بالا ئاشۇ يەردە ئادەم بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، توپتوغرا شۇ بوستانلىققا قاراپ مېڭىپتۇ، يەنە خېلى ماڭغاندىن كې- يىن بوستانلىققا يېتىپ كېلىپ ئېتىنى لاڭقاغا باغلاپتۇ - دە، ئۆزى باغقا كىرىپتۇ. قارىسا، سالقىن باغ، خىلمۇخىل مېۋىلەر پىشىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، تۈرلۈك - تۈمەن قۇشلار سايرىشىپ تۇرغۇدەك. باغنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل بولۇپ، ئۇنىڭدا بېلىقلار ئۈزۈپ يۈرگۈدەك، كۆل- گە تۆت تەرەپتىن كۈمۈشتەك سۈزۈك سۇلار قۇيۇلۇپ تۇر- غۇدەك، لېكىن يا سۇنىڭ ئايىغى چىقمىغۇدەك، يا كۆل تاشمىغۇدەك. باغنى ئارىلاپ بىر يەرگە كەلسە، لىق بىر قازان تاماق پىشىپ تۇرغۇدەك. لېكىن، باغدا ئادەمزاتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. نەچچە كۈندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم بىرنېمە سالماي قورسىقى ئېچىپ كەتكەن كەنجى بالا قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچمەكچى بولۇپ قولىنى چۆمۈچكە ئۇزاتقانىكەن، چۆمۈچ «تاق» قىلىپ بالىنىڭ

ماڭلىيىغا تېگىپتۇ؛ پىشىپ تۇرغان ئالمىلاردىن يېمەكچى بولۇپ قولىنى شاخقا ئۇزاتقانىكەن، ئۇنىڭ يوپۇرمىقى «شاق» قىلىپ كاچىتىغا ئۇرۇلۇپتۇ. بۇنىڭغا ھەيران بولغان بالا ئېتىنى ئوتلاشقا قويۇۋېتىپ، ئۆزى كۆل بويىدىكى گۈللەرنىڭ ئارىسىدا دەم ئېلىپ يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ ۋە مۇنداق بىر چۈش كۆرۈپتۇ:

ئۇنىڭ ئالدىغا ئاپئاق كىيىنگەن، ئاق سەللە ئورىغان، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ھاسا تايىنىپ كېلىپ:

— بالام، سەن خەتەرلىك جايغا — دىۋىلەرنىڭ ماكانىغا كېلىپ قالدىڭ. نېمە ئۈچۈن ۋە نېمە ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ. بالا بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

— ھەي بالام، — دەپتۇ بوۋاي، — قىيىن نەرسىنى ئىزدەپ كەپسەن، چۈنكى ئۇ دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ يان بېغىدا، سەن ھازىر ئۇنىڭ چەت بېغىدا تۇرۇۋاتىسەن. ئۇنى ئالماقچى بولۇپ كەلگەن ناھايىتى كۆپ ئادەم دىۋىلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن، لېكىن سەن بىر ئىلاجىنى قىلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇنداق قىل: ھەر كۈنى كۈن قىزىغان ۋاقىتتا يېنىڭدىكى شۇ كۆلگە ئىككى كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپ چۆمۈلۈپ ئوينايدۇ، بۇلار ئەنە شۇ دىۋىلەر پادىشاھىنىڭ قىزلىرى. سەن سەزدۈرمەي ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋال ـ دە، قولىدىكى ئۈزۈكلىرىنى سوراپ تۇرۇۋال. ئۈزۈكنى ئالماي تۇرۇپ كىيىمىنى قايتۇرۇپ بەر-

مگەن، بولمىسا، ئۆزۈڭ ھالاك بولىسەن. خوپ، بالام، مەقسىتىڭگە يەتكىن، ئامىن ئاللاھۇ ئەكبەر.

بوۋاي دۇئا قىپتۇ ـ دە، غايىب بوپتۇ.

بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن بالىنىڭ قۇلىقىغا بىرى: «كۆزۈڭنى ئاچ !» دېگەندەك قىپتۇ، بالا چۆچۈپ ئويغانسا ھېچكىم يوق، پەقەت ئاسماندا ئىككى كەپتەر بىر ـ بىرىنى قوغلاپ ئوينىشىپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقۇدەك. بالا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مۆكۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ھېلىقى كەپتەرلەر كۆلنىڭ بويىغا چۈشۈپ بىر قانات قاققانىكەن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس چىرايلىق قىزلارغا ئايلىنىپتۇ، كېيىن باغنى ئايلىنىپ سەيلە قىلىشىپتۇ، ئالمىلاردىن ئۈزۈپ يېيىشىپتۇ، قازاندىكى تاماقتىن ئۇسۇپ ئىچىشىپتۇ، ئاندىن كۆلگە كەپتۇ ـ دە، كىيىملىرىنى سېلىپ قويۇپ چۆمۈلۈشكە، بىر ـ بىرىگە سۇ چېچىشىپ ئويناشقا باشلاپتۇ.

شۇ چاغدا بالا سەزدۈرمەي ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، كۆلنىڭ بويىغا كېلىپ قىزلارنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىۋاپتۇ. قىزلار سۇغا چۆمۈلۈپ بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيەي دېسە يوق تۇرغۇدەك. قىزلار يالىڭاچ بولغانلىقتىن ئىزا تارتىپ كۆلدىن چىقالماپتۇ ـ دە، كىيىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سوراپ يالۋۇرۇشۇپتۇ، لېكىن بالا قىزلارغا:

ـــ ئۈزۈكۈڭلارنى بەرسەڭلار، قايتۇرۇپ بېرىمەن، ـــ دەپتۇ. قىزلار يالۋۇرۇپ ـ يىغلىنىپ كىيىملىرىنى ئالال-

مغاندىن كېيىن ھەر ئىككىسى قولىدىكى ئۈزۈكنى چى-
قىرىپ بېرىپتۇ. بالا ئۈزۈكنى ئاپتۇ - دە، ئۇلارنىڭ كى-
يىملىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، ئۆزى گۈللەرنىڭ ئارىسىغا
كىرىپ تۇرۇپتۇ. بالىمۇ قەددى - قامىتى كېلىشكەن، ناھا-
يىتى چىرايلىق ئىكەن.

قىزلار كىيىملىرىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ تۇ-
رۇپ، ھەرقايسىسى ئۆز ئىچىدە، بۇ يەرگە كەلگەن ھەر-
قانداق ئادەمزات تىرىك كەتمەيتتى، لېكىن بۇ يىگىت ئۆ-
زىنىڭ قورقماسلىقى ۋە ئەقىللىقلىقى بىلەن بىزنىڭ قو-
لىمىزغا چۈشمەستىن، بىزنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. دېمەك،
بۇ يىگىتتىن ئايرىلماسلىق كېرەك، دەپ ئويلاپ، ھەر
ئىككىسى بالىنىڭ جامالىغا زوقلىنىپ ئاشىق بوپتۇ، ئۇ-
نىڭغا تاماق بېرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپتۇ، ئالما ئۈزۈپ
بېرىپتۇ، باغنى سەيلە قىلدۇرۇپتۇ. ئېگىچە - سىڭىلنىڭ
ھەرقايسىسى يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى بولۇپ، تالى-
شىپ قاپتۇ. ئاچىسى:

— مەن سېنىڭدىن چوڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يىگىت
مېنىڭ بولۇشى كېرەك. ئۇلجا دېگەن ئاۋۋال چوڭىغا، كې-
يىن كىچىكىگە تېگىدۇ، — دەيدىكەن. سىڭلىسى بولسا:

— ياق، ئۇنى سېنىڭدىن ئاۋۋال مەن كۆرگەن، ئول-
جىمۇ ئاۋۋال تاپقاننىڭ بولىدۇ، — دەپ تالىشىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ، ئېگىچە - سىڭىل ئىككىسى تالىشا -
تالىشا ئۆزئارا كېلىشەلمىگەندىن كېيىن: «بولمىسا قازىغا

بارىمىز، قازى قايسىبىرىمىزگە بۇيرۇپ بەرسە، يىگىت شۇنىڭ بولسۇن» دەپ، دىۋىلەرنىڭ قازىسىغا بېرىپتۇ.

قازىنىڭ ئالدىغا ئاۋۋال ئاچىسى كىرىپ:

— قازى بېگىم، بىز ئېگىچە ـ سىڭىل ئىككىمىز بىر ئولجا تېپىۋالغاندۇق، لېكىن ئۇنى ئىككىگە بۆلگىلى بولمايدۇ. سىڭلىم بولسا: «مەن ئاۋۋال كۆرگەن، شۇنىڭ ئۇچۇن مەن ئالىمەن» دەيدۇ. مەن بولسام: «چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن ئالىمەن» دەيمەن. شۇ سەۋەبتىن ئالدىلىرىغا كەلدۇق، شۇ ئولجىنى قايسىمىز ئېلىشىمىز كېرەك؟ — دەپتۇ.

قازى بولسا قىزنىڭ ھۆسن ـ جامالىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ ـ دە، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ:

— توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئولجا ئاۋۋال كۆرگەنىنىڭ بولىدۇ. ئەگەر سىز ئولجىنى ئېلىشقا شۇنچە قىزىقىپ كەتكەن بولسىڭىز، ئاۋۋال مېنى بىر سۆيۈپ قويۇڭ، ئول- جىنى سىزگە بۇيرۇپ بېرىمەن، — دەپ شەرت قويۇپتۇ.

قىز يىگىتنى قولدىن بېرىپ قويماسلىق ئۈچۈن قازى- نىڭ شەرتىگە ئىلاجسىز رازى بوپتۇ، قازى قىزنى مەھكەم قۇچاقلىۋېلىپ سۆيۈشكە باشلاپتۇ. شۇ چاغدا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاراپ تۇرغان سىڭلىسى بۇ ئىشنى كۆرۈپ قې- لىپ دەررۇ يۈگۈرۈپ كىرىپتۇ ـ دە:

— ھەي شەرمەندىلەر، بۇ قانداق ئىش ؟ ! سىلەرنى

دادامغا ئېيتمىسام، توختاڭلار ! — دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.
ئەگەر بۇ گەپ پادىشاھقا يەتسە، كاللىسى كېسىلىدى-غانلىقىدىن قورققان قازى:
— ھاي قىزىم، ۋارقىرىماڭ، ئۇلجا سىزنىڭ، گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن ! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ ۋە يىگىتنى كىچىككىنە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى ئاتىسىغا ئېيتىپ قويسا، جېنى تېنىدىن جۇدا بولۇشتىن قورققان ئاچىسىمۇ:
— جېنىم سىڭلىم، ئاغزىڭنى يۇم، مەيلى، يىگىت سېنىڭ بولسۇن ! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.
يىگىتنى ئۆزىگە ھۆكۈم قىلدۇرۇۋالغان سىڭلىسى خۇشال بولۇپ:
— مەيلى، سىلەرنى مەن كۆرمىدىم، مېنى سىلەر كۆرمىدىڭلار، — دەپ يۇگۈرگىنىچە يىگىتنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپتۇ ۋە يىگىتتىن بۇ يەرلەرگە نەدىن ۋە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سوراپتۇ. يىگىت ئۆزىنىڭ نەدىن ۋە نېمە مەقسەتلەر بىلەن كەلگەنلىكىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.
— ئاھ، يولۇڭ يىراق، مەقسىتىڭنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى تەس ئىكەن. سەن ئىزدەپ كەلگەن بۇلبۇلگويا مېنىڭ دادامدا. ئاشۇ كۆرۈنگەن تاغنىڭ باغرىدا ناھايىتى چىرايلىق يان بېغىمىز بار، — دەپ، قولىنى سوزۇپ تاغنى كۆرسىتىپتۇ قىز، — بۇلبۇلگويا شۇ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى

گۈللەرنىڭ ئىچىدىكى ئالتۇن قەپەستە تۇرىدۇ. ئۇ باغقا ئا-
دەم زاتى ئاياغ باسالمايدۇ، ئەگەر بىر ئىلاجىنى تېپىپ
كىرەلىگەن تەقدىردىمۇ تىرىك چىقالمايدۇ. بۇ يولدا تالاي -
تالاي ئادەملەر ئۆلۈپ كەتكەن. لېكىن، بۇلبۇلگويانى ئېلىش
ئۇچۇن مەن ساڭا ياردەم قىلىمەن. بۇ ئىشنى پەقەت جۇمە
كېچىسىلا ئورۇنداش مۇمكىن، چۈنكى جۇمە كۈنى دادام
ئوۋغا چىقىپ، كەچ قايتىدۇ ۋە ئاخشىمى هاراق - شاراب
ئىچىپ، ئۇزاق ئويۇن - تاماشىلاردىن كېيىن ئۇخلاپ قا-
لىدۇ، باغنىڭ قاراۋۇللىرىمۇ مەستلىكتە قاتتىق ئۇخلاپ
كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا باغقا كىرىش مۇمكىن. لېكىن،
باغنىڭ ئىچىدە يولۋاس ۋە شىرلار بار، ئۇلار ناهايىتى
خەۋپلىك. قولۇڭدىكى مانا بۇ ئۈزۈكنى باغدىكى يولۋاس ۋە
شىرلار تونۇيدۇ. ئۇلار بۇ ئۈزۈكنى كۆرۈشى بىلەنلا ساڭا
هېچقانداق زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەيدۇ. بۇلبۇلگويانى پە-
قەت قەپىسى بىلەنلا ئالغىن، بىراق قەپەسنى ئېچىپ سال-
مىغىن، ئەگەر قەپەسنى ئاچساڭ، بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ كۈ-
لۈۋېتىدۇ - دە، لەشكەر ۋە قاراۋۇللار ئويغىنىپ كېتىدۇ.
ئۇلار تېنىڭنى پارچە - پارچە قىلىپ يولۋاس، شىرلارغا
تاشلاپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىز يىگىتنى پىنهان بىر يەرگە
جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە هەر كۈنى بىللە كۆڭۈل ئېچىپ يۈرۈپ-
تۇ. شۇنداق قىلىپ، كۈتكەن جۇمە كۈنىمۇ كەپتۇ. سەهەر-
دە دىۋىلەر پادىشاهى تاغقا ئوۋغا كېتىپتۇ. ئۇ كۈن بويى

تاغمۇتاغلارنى كېزىپ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ھېرىپ ـ چارچاپ كەلگەندە، ھاردۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن تاماشا ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. تاماشىغا دېۋىلەرنىڭ ھەممىسى توپلىنىپتۇ.

يىگىت بۇلبۇلگويا تۇرغان باغقا قاراپ مېڭىپتۇ، باغقا يېقىن بىر يەرگە كېلىپ، دېۋىلەرنىڭ ئۇخلىشىنى كۈتۈپ يوشۇرۇنۇپ يېتىپتۇ. دېۋىلەرنىڭ ئويۇن ـ تاماشىسى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىپتۇ، ھەممىسى مەستلىكتىن ئۆزلىرىنى بىلمەي ئۇخلىشىپ قاپتۇ.

ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلغاندىن كېيىن يىگىت، دېۋىلەر ئۇخلاپ قالغان ئوخشايدۇ، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ بېسىلدىغۇ، دەپ ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ۋە باغقا يېقىن كېلىپ ئۇياق ـ بۇياققا قاراپتۇ، ھېچكىم كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ئاستا شورىدىن باغقا كىرىپتۇ. باغنى ئايلىنىپ يۈرگەن يولۋاس ۋە شىرلار يىگىتكە قاراپ ئېتىلىپتۇ، لېكىن يىگىت قولىدىكى ئۈزۈكنى شۇنداق كۆرسىتىشى بىلەنلا، ئۇلار جىم بولۇشۇپتۇ ۋە تەزىم قىلغاندەك باشلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپتۇ.

يىگىت گۈللەرنىڭ ئارىسىدىن بۇلبۇلگويانى تېپىپتۇ ـ دە، ھېلىقى قىزنىڭ جېكىگەن سۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، بۇلبۇلگويانىغۇ تاپتىم، ئەمدى قەپەسنى ئېچىپ ئۇنى بىر كۆلدۈرەيچۇ، دەپ قەپەسنى ئېچىۋېتىپتۇ. شۇ چاغدا بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۇيقۇدىكى ھەممە دېۋىلەر ئويغىنىپ كېتىپ، باغقا

قاراپ يۇگۇرۇشۇپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان قىزمۇ ئەنسىرەپ باغقا ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە دەررۇ كېلىپ يې‑گىتنى يوشۇرۇپ، قەپەسنى ئۆز قولىغا ئېلىپ تۇرۇپتۇ، كېيىن يۇگۇرۇشۇپ كەلگەن دىۋىلەرگە:

— بۇ مەن، بۇلبۇلگويانى كۇلدۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىۋا‑تىمەن، بۇ يەرگە مېنىڭدىن باشقا كىممۇ كىرەلەيتتى ؟ ! خاتىرجەم بولۇپ، ئۇيقۇڭلارنى ئۇخلاۋېرىڭلار، — دەپ قايتۇرۇپتۇ.

دىۋىلەر قىزنىڭ بۇ سۆزىدىن خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز جايلىرىغا كېتىشىپتۇ. قىز بولسا بۇلبۇلگويانى جايىغا قو‑يۇپ، بۇ ئىشنى كېيىنكى جۈمەگە قالدۇرۇپتۇ. سەۋەبى، بۇ ھەپتىدە يىگىت بۇلبۇلگويانى ئېلىپ كەتسە، دىۋىلەر ئۇنى قىزدىن كۆرۈشى تۇرغان گەپ.

شۇنداق قىلىپ، يەنە كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. قىز بىلەن يى‑گىت كۆلگە چۆمۈلۈپ، باغدا ئوينىشىپ يۈرۈپ، جۈمە كۈنىمۇ كەپتۇ.

بۇ قېتىم قىز يىگىتكە راسا قاتتىق جېكىپ:

— ئەگەر قەپەسنى يەنە ئاچىدىغان بولساڭ، ئەمدى ھەر ئىككىمىز ھالاك بولىمىز. قولىقىڭدا تۇتقىنىڭكى، قە‑پەسنى زادى ئاچما ! — دەپتۇ.

دىۋىلەر پادىشاھى يەنە ئوۋغا كېتىپتۇ، كەچقۇرۇن ھېرىپ ـ ئېچىپ كېلىپ ئولتۇرۇش قىپتۇ. ئويۇن ـ تاماشا، ئىچكۈلۈك باشلىنىپتۇ، يەنە ھەممىسى مەست بولۇپ

قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

ئەنە شۇ چاغدا يىگىت ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپتۇ ـ دە، تونۇش يول بىلەن باغقا قاراپ كەپتۇ. ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن شورىدىن باغقا چۈشۈپتۇ. ئۆزىگە قاراپ ئېتىلغان يولۋاسلارغا يەنە ھېلىقى ئۆزۈكنى كۆرسىتىپ ئۇلارنى تىنچلاندۇرۇپتۇ ـ دە، گۈللەرنى ئارىلاپ بېرىپ، بۇلبۇلگويانى ئاپتۇ. ئۆتكەن جۇمە كېچىسى قىلغان خاتاسىنى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسكە ئېلىپ، قەپەسنى ئاچماستىن تۈپتوغرا ئۆزى تۇرغان باغقا كەپتۇ ۋە بۇلبۇلگويانى ئېلىپ يۇرتىغا ماڭماقچى بوپتۇ. قىز يىگىتنى نۇرغۇن سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئۇزىتىپ تۇرۇپ:

ــ ئەگەر بېشىڭغا بىرەر ئېغىر كۈن چۈشكۈدەك بولسا، مانا بۇ چاچنى كۆيدۈرسەن، شۇ زامات مەن ھازىر بولىمەن، ــ دەپ بىر تال چېچىنى يۇلۇپ يىگىتكە بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق قۇچاقلىشىپ خوشلىشىپتۇ.

كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، يىگىت تالاي دەريالاردىن ئۆتۈپتۇ. ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىگىت نۇرغۇن چۆل ـ باياۋانلارنى بېسىپ، ئاكىلىرى بىلەن ئايرىلىشقان ھېلىقى ئۈچ ئاچا يولغا يېتىپ كەپتۇ.

ئۇ يېتىپ كېلىپ تاشقا قارىسا، ھېچبىر خەت يېزىلمىغان. يىگىت، ئاكىلىرىم تېخىچىلا قايتماپتۇ، ئۇلارنى

تاشلاپ كەتسەم بولماس، ئۇلارنى ئىزدەي، بولسا بىللە كې-
تەرمىز، بولمىسا، بىر خەۋىرىنى ئېلىپ كېتەرمەن، دېگەن
ئويغا كەپتۇ ۋە ھېلىقى تاشقا: «مەن ئۇكاڭلار بۇلبۇلگويانى
تېپىپ قايتقانىدىم، لېكىن سىلەر قايتمىغىنىڭلار ئۈچۈن
سىلەرنى ئىزدەپ كەتتىم. ئەگەر بىر - بىرىمىز بىلەن
ئۇچرىشالماي قايتقۇدەك بولساق، مۇشۇ تاشقا يېزىپ
كېتىڭلار، مەن كەينىڭلاردىن يېتىپ بارىمەن» دەپ يې-
زىپ قويۇپ، ئوتتۇرانچى ئاكىسى كەتكەن «بارسا يا
كېلەر، يا كەلمەس» دېگەن يولغا راۋان بوپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى بۇ يىگىت چوڭ بىر شەھەرگە
يېتىپ بېرىپتۇ. بىر كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارسا، ئوت-
تۇرانچى ئاكىسى بىر ئاشخانىنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالاپ،
كۆلگە مىلىنىپ ئولتۇرغانىكەن. سەپسېلىپ قارىسا، كى-
يىملىرى يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ، ئۆزى جۇدەپ،
كۆزلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىكەن. ئۇكىسى ئاكىسىنى
كۆرۈش بىلەنلا دەررۇ تونۇسىمۇ، ئاكىسى ئۇكىسىنى تونۇ-
ماپتۇ.

يىگىت ئۆزىنى تونۇتمايلا بېرىپ بىر سارايغا چۈشۈپتۇ -
دە، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاستا ئاشخانىغا كەپتۇ ۋە
ئاشپەزگە: «مەن پالانى دەڭدە تۇرىمەن، ئاۋۇ ئوت ياقارد-
ىڭىزدىن مەن تۇرغان سارايغا مانتا ئەۋەتىپ بېرىڭ» دەپ
پۇلىنى تۆلەپ كېتىپتۇ.


ئاشپەز بىردەمدىن كېيىن بىر لېگەنگە مانتىنى سې-

لىپ، ئوراپ، ھېلىقى ئوت ياقاردىن ئەۋەتىپتۇ. ئوت ياقار مانتىنى ئۇكىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپ قايتماقچى بولۇپ بۇرۇلۇپتۇ. شۇ چاغدا ئۇكىسى:

— توختاڭ، بۇ ياققا كېلىڭ، مانتىنى بىللە يەيمىز، — دەپتۇ. ئوت ياقار بولسا خىجالەت بولۇپ:

— ياق، ياق، رەھمەت، بۇ جۇل-جۇل كىيىملىرىم بىلەن سىزدەك بىر بايۋەچچە بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ بىر لېگەندە تاماق يېسەم قاملاشمايدۇ، — دەپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپتۇ، لېكىن ئۇكىسى ئۇنىماي:

— ياق، بۇياققا كېلىڭ، مەن تاماقنى يالغۇز يېيەلمەيمەن، ماڭا ھەمراھ بولمىسىڭىز بولمايدۇ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.



كېيىن ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشىپتۇ. ئاكىسى بۇ يىگىتنى بىر يەردە كۆرگەندەك قىپتۇ، لېكىن قەيەردە كۆرگەنلىكىنى يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

ئۇكىسى ئۇياق-بۇياقتىن پاراڭ قىلىپ، ئاخىر ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا-

ئۆكا ئىككىسى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. ئاكىسى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى، قانداق قىلىپ بۇ كۈنلەرگە دۇچار بولۇپ قالغانلىقىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ. كېيىن ئۆكىسى بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىم - كېچەكلەرنى ئەكېلىپ ئاكىسىنى كىيىندۈرۈپتۇ ۋە ئاشخانىدىن چىقىرىۋاپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىككىسى: «ئەمدى چوڭ ئاكىمىزنى تاپايلى» دېيىشىپ يولغا راۋان بوپتۇ. ئۇلار چوڭ ئاكىسىنى ئىزدەپ كۆپ يېزا ۋە شەھەرلەرنى كېزىپتۇ، ئۇچرىغان كىشىلەردىن سوراپتۇ، ھېچ يەردىن خەۋىرىنى ئالالماي، يەنە بىر چوڭ شەھەرگە كېلىپ قاپتۇ. بىر كۈنى بازارلارنى ئارىلاپ يۈرۈپ، بىر يەردە نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ توپلىنىپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ - دە، ئاكا - ئۆكا ئىككىسى شۇ يەرگە بېرىپتۇ. قارىسا، ئوتتۇرىدا جۇل - جۇل كىيىملىك، قولىدا ئۇزۇن ھاسا تۇتقان بىر قەلەندەر ساپايى سوقۇپ، ناخشا ئېيتىۋاتقۇدەك. ئۇلار سىنچىلاپ قارىسا، ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەن چوڭ ئاكىسى ئىكەن. لېكىن، ئۇلار كۆپچىلىكنىڭ ئارىسىدا تونۇشلۇق بەرمەي، ئۆزلىرى چۈشكەن سارايغا بېرىپتۇ - دە، سارايۋەنگە ئىلتىماس قىلىپ:

— بىز بۈگۈن بازاردا ساپايى سوقۇپ، ناخشا ئېيتىۋاتقان بىر قەلەندەرنى كۆردۇق. ئۆزىمىز مۇساپىر بولغىنىمىز ئۈچۈن، شۇ قەلەندەرنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا خۇشتار بولۇپ قالدۇق، سىز شۇ قەلەندەرنى چاقىرىپ ئە-

كېلىپ بەرسىڭىز، — دەپتۇ. سارايۋەن بازارغا بېرىپ قە-
لەندەرنى تېپىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

— ھەي قەلەندەر، بۇياققا كەل، ئىككى كىشى سېنىڭ ناخشاڭغا خۇشتار بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار سودىگەرلەرمۇ ياكى سەيلە قىلىپ يۈرگەن بايۋەچچىلەرمۇ بىلمەيمەن. ئۇلار بىزنىڭ سارايغا كېلىپ چۈشكەن، سېنى چاقىرىپ كېلىشكە ئەۋەتتى. يۈر مەن بىلەن، — دەپ قەلەندەرنى بىللە ئەكەپتۇ.

قەلەندەر سارايغا كېلىپ:

— ھەرقايسىلىرىنىڭ ھۇزۇرلىرىغا قانداقلىكى خىزمەتلىرى بولسا بەجا كەلتۈرۈشكە كەلدىم، — دەپ تىز پۈكۈپ تەزىم قىپتۇ.

— كېلىڭ، كېلىڭ! — دېيىشىپ، ئاكا - ئۇكا ئىككىسى قەلەندەرگە جاي كۆرسىتىپتۇ، — بازاردا سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاپ خۇشتار بولۇپ قالدۇق، بىر ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز دەپ ئىلتىماس قىلىپ كىشى ئەۋەتكەنىدۇق. ئەگەر مۇمكىن بولسا، ناخشىڭىزنى بىر ئاڭلىساق، — دەپ ئۇنى ئۆز يانلىرىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. قەلەندەر:

— ئەگەر مېنىڭ ناخشامغا خۇشتار بولساڭلار، سىلەردەك ياخشىلارنىڭ سادىغىسى بولۇپ كېتەي، — دەپ قەددىنى رۇسلاپ ناخشا ئېيتىشقا باشلاپتۇ، بىردىن خىيالى بۆلۈنۈپ: «بۇ كىشىلەر كۆزۈمگە خويمۇ ئىسسىق كۆرۈنىدۇغۇ، قەيەردىدۇر كۆرگەندەك قىلىمەن» دەپ ئويلاپتۇ-يۇ، لېكىن زادىلا يادىغا كەلتۈرەلمەپتۇ.

كېيىن كەنجى ئۇكىسى ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن پاراڭ
قىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ئۆزلىرىنى تونۇتۇپتۇ ۋە ئۆزئارا
قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ. ئاندىن كېيىن كەنجى ئۇكىسى
بازارغا بېرىپ يېڭى كىيىملەرنى ئەكېلىپ، ئاكىسىنى كد-
يىندۈرۈپتۇ ۋە ئۇزاق مۇڭدىشىپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى
ئېيتىشىپتۇ.

بۇ ئۇچ ئاكا ـ ئۇكا بىر نەچچە كۈن دەم ئالغاندىن
كېيىن، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇلار ئۇزاق مې-
ڭىپ ئۆز شەھىرىگە يېتىشكە يەتتە كۈنلۈك يول قالغاندا،
چوڭ ئاكىسى بىلەن ئوتتۇرانچىسىنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇپتۇ.
ئۇلار بىر قۇدۇقنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلگەندە، هاردۇقىنى
چىقىرىش ئۇچۇن توختاپتۇ. تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ دەم



ئېلىپ ياتقاندا، ئىككى ئاكىسى يوشۇرۇنچە: «بىز ئۆيگە بارغاندا، ئۇكىمىز بۇلبۇلگويانى مەن تاپتىم دېسە، دادىمىز ئۇنى تېخىمۇ ئەتىۋارلاپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە، بىرد. مىزنىڭ ئاشخانىدا ئوت قالاپ، بىرىمىزنىڭ تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگىنىمىزنى ئېيتىپ قويسا، بىز ئۇچۇن ئىنتا. يىن ئۇيات ئىش بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆلۈۋالغىنىمىز تۈزۈك. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ، بۇلبۇلگويانى ئۆزىمىز ئېلىپ بارايلى. ئەگەر ئۇكىمىزنى سورىغۇدەك بولسا، ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن، ئۇنى ئىزدەپ ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق، دەيلى» دەپ مەسلىھەتلىد. شىپتۇ. ئۇلار كەنجى ئۇكىسىنىڭ ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى قۇدۇققا تاشلاپتۇ، ئۆزلىرى بۇلبۇلگويانى ئېلىپ، يەتتە كۈندىن كېيىن ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ. با. لىلىرىنىڭ كەلگىنىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانا ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، كېيىن كەنجى ئوغلىنى سوراپ. تۇ. ئۇلار كېلىشىۋالغان گېپى بويىچە:

ـــ بىز بۇ يەردىن چىقىش بىلەنلا ئۇ بىزدىن ئايرىلىپ باشقا ياققا كەتكەن، شۇنىڭدىن بېرى ئۇنى كۆرمىدۇق. بىز بۇلبۇلگويانى تاپقاندىن كېيىن ئۇنى كۆپ ئىزدىدۇق، بىراق ھېچ يەردىن تاپالمىدۇق... ـــ دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ دەردىدە ئاتا ـ ئانا كۆپ قايغۇ ـ ھەسرەت چېكىپتۇ، بۇلبۇلگويامۇ سايرىماستىن مۇڭغا پې. تىپ يېتىپتۇ.

ئانىسى: «ئاھ، بۇلبۇلگويا تېپىلدى دەپ خۇشال بول-سام، ئەمدى كۆز قارىچۇقۇم كەنجەم يوق. ھەممىدىن كەنجى بالامنىڭ دەردى مېنى يوقاتتى» دەپ يەنە ھەسرەتكە چۆ-كۈپتۇ. كەنجى بالىسىنىڭ دەردىدە يىغلاپ يۈرۈپ ئاتىسىمۇ، ئانىسىمۇ كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلىپتۇ...

پادىشاھنىڭ كەنجى ئوغلى ئاكىلىرى تەرىپىدىن قۇ-دۇققا تاشلانغاندىن كېيىن بىرنەچچە ۋاقىت ھوشسىز يې-تىپتۇ، كېيىن ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ قارىسا، قاراڭغۇ قۇدۇقنىڭ تېگىدە ياتقۇدەك، نېمە ئىش ئىكەنلىكى-نى چۈشىنىپ، قۇدۇقتىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلىپ كۆ-رۈپتۇ، لېكىن چىقالماپتۇ. ھېلىقى قىز بەرگەن بىر تال چاچنى كۆيدۈرەي دەپ چاقمىقىنى چېقىپ كۆرسە، پىلىكى ھۆل بولۇپ كەتكەنلىكتىن ياناپتۇ. تەلەيگە يارىشا شۇ ئا-رىدا قۇدۇق يېنىغا بىرنەچچە كارۋان كېلىپ چۈشۈپتۇ. ئاتلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن بىرى قۇدۇقتىن سۇ تارتىشقا چېلەك تاشلاپتۇ. شۇ ۋاقىتتا يىگىت چېلەككە ئېسىلىۋاپتۇ. كارۋان چېلەكنى تارتسا كۈچى يەتمەپتۇ. كې-يىن ئىككى - ئۈچى بىر بولۇپ تەسلىكتە تارتىپ چىقار-سا، بىر يىگىت چىقىۋاتقۇدەك.

يىگىت قۇدۇقتىن چىقىپ ۋەقەنى كارۋانلارغا ئېيتىپ بېرىپتۇ ۋە ھېلىقى چاچنى كۆيدۈرۈپتۇ. شۇ چاغدا ئاس-ماندىن بىر كەپتەر ئۇچۇپ كېلىپ قۇدۇق بېشىغا قونۇپ، بىر قانات قېقىپلا قىزغا ئايلىنىپتۇ - دە،

يىگىتتىن:

— بىشىڭغا نېمە كۈن چۈشتى؟ — دەپ سوراپتۇ.

يىگىت بولغان ۋەقەلەرنى ئېيتىپ بېرىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن قىز قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىككى قېتىم چاۋاك چالغانىكەن، توقۇلۇق ئىككى تۇلپار كىشنىگىنىچە يېتىپ كەپتۇ.

ئاندىن ئىككىسى ئىككى تۇلپارغا مىنىپتۇ ـ دە، «چۇھ» دەپ يولغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار يەتتە كۈنلۈك يولنى يېرىم كۈندە بېسىپ، ئۆيگە يېتىپ بېرىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت ئىشىكتىن شۇنداق كىرىشى بىلەنلا، نەچچە كۈنلەر ـ دىن بۇيان كۈلمەستىن غەمكىن ياتقان بۇلبۇلگويا قاقاقلاپ بىر كۈلۈۋەتكەنىكەن، ئۇنىڭ كۈلكىسى پۈتۈن ئۆينى چاڭ كەلتۈرۈپتۇ. ئۇكىسىنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن ئاكىلىرى قورقۇپ كېتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلـ ـ مەي قاپتۇ.

كۆز نۇرلىرىدىن ئايرىلغان ئاتا بىلەن ئانا بۇلبۇلگويا ـ نىڭ كۈلۈشىنى ئاڭلاپ خۇشال بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۇ ـ چۈن كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەپتۇ.

كەنجى ئوغۇل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سالام، مېھرىبانلىرىم، سالامەتمۇ سىلەر؟ مەن كىـ ـ چىك ئوغلۇڭلار ! — دەپ ئاتا ـ ئانىسى بىلەن قۇچاقلىـ ـ شىپ كۆرۈشۈپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا:

— ۋاي جېنىم بالام، بارمۇسەن؟ نەلەردە يۈرسەن؟

ئاكىلىرىڭ سىنى ئۆلۈپ كېتىپتۇ دەپ كەلگەنىدى، دەردىڭدە تولا يىغلاپ كۆز نۇرلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق، بالام، — دەپ يىغلاپ، بالىسىنى باغرىغا بېسىپتۇ، خۇشال-لىقىدىن كۆزلىرىمۇ ئاستا - ئاستا ئېچىلىپتۇ ۋە، — ۋاي بالام، سېنىمۇ كۆرىدىغان كۈن بار ئىكەنغۇ، — دەپ، ئوغ-لىنى يېڭىۋاشتىن باغرىغا بېسىپ يىغلىشىپتۇ.

كەنجى ئوغلى ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپتۇ، بېشىدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى، ئاكىلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئاخىر ئۇلارنىڭ قىلغان قەستلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتا - ئانى-سىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىنى ئا-تا - ئانىلىرىغا تونۇشتۇرۇپتۇ. بۇلبۇلگويا بۇلارنى ئالقىش-لىغاندەك قاقاقلاپ كۈلۈپتۇ، ھەر كۈلگەندە ئۇنىڭ ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈللەر ئېتىلىپ چىقىپتۇ.

كەنجى ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، چوڭ ئوغۇللى-رىنىڭ قىلمىشلىرىدىن غەزەپلەنگەن ئاتا نۆكەرلەرگە چوڭ ئوغلى بىلەن ئوتتۇرانچى ئوغلىنى ئاساۋ ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلاپ سۆرىتىپ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇپتۇ.

شۇنداق قىلىپ، بۇلبۇلگويانى بىر كۆرۈشكە ئارمان قىلغان پادىشاھ ئۇنى ئۆز يېنىغا ئالايىتەن جايلاشتۇرۇپتۇ ۋە ھەر كۈنى ئۇنىڭ سايرىشىدىن زوقلىنىپ، مۇراد - مەقسىتىگە يېتىپتۇ.

# بېلىقچى يىگىت ئالتۇن بېلىق ۋە ئاچكۆز پادىشاھ

قەدىمكى زاماندا بىر موماي بولۇپ، ئۇنىڭ يىگىرمە ياشلىق بىر ئوغلى بار ئىكەن. موماي ئوغلىنىڭ بېلىقچىلىققا تايىنىپ كۈن كەچۈرىدىكەن. بىر كۈنى ئوغلى بىر ئالتۇن بېلىق تۇتۇۋاپتۇ، ئۇنى ئانىسىغا كۆرسەتكەنىكەن، موماي ناھايىتى خۇش بولۇپ:

— بازارغا ئاپىرىپ ساتايلى، — دەپتۇ. ئوغلى مومايغا:

— ياق، ئانا، بېلىقنى پادىشاھقا سوۋغا قىلايلى، شاھ بۇنى كۆرسە نۇرغۇن مال - دۇنيا ئىنئام قىلىشى مۇمكىن، — دەپتۇ.

— بالام، شاھ بۇ بېلىقنى ئالغاندىن كېيىن ھېچ نەرسە بەرمەيدۇ، بەلكى بۇ بېلىقنىڭ يەنە قانداق بالا - قازالارنى كەلتۈرۈشىنى بىلگىلى بولمايدۇ، — دەپتۇ موماي. ئوغلى ئانىسىنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سالماي، بېلىقنى ئېلىپ ئوردىغا بېرىپتۇ. شاھ بولسا نۇر چېچىپ تۇرغان ئالتۇن تەختتە غادىيىپ ئولتۇرغانىكەن، ئوڭ - سولىدا نۇرغۇن ۋەزىر - ئەركانلار قول باغلىشىپ تۇرغانىكەن.

بېلىقچى يىگىت تەزىم قىلىپ:

— مەرھەمەتلىك شاھىم، بۇ ئەرزىمەس سوۋغامنى قوبۇل قىلغايلا، بۇ بىر ئاددىي بېلىق بولسىمۇ، ئۆزلىرىگە بولغان ھۆرمىتىمنىڭ نىشانى، — دەپتۇ. شاھ بۇ بېلىقنىڭ چىرايلىقلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە يېنىدىكى بىر ۋەزىرىگە:

— بۇ بېلىقنى ئېلىپ قېلىپ، بۇ يىگىتكە بىرنەرسە ئىنئام قىلىڭلار، — دەپتۇ، ئەمما ۋەزىر:

— شاھىم، مەن ئەزەلدىن بۇنداق بېلىقنى كۆرۈپ باققىنىم يوق. بۇ بېلىق ئوردىغا تېخىمۇ زىننەت، ھۆسن قوشىدۇ، لېكىن بىرلا بېلىق، بەلكى ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ بېلىقچىغا يەنە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بېلىقتىن بىرنى تۇتۇپ كېلىشكە ئەمر قىلساق، تۇتۇپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن ئىنئام بېرەيلى، — دەپتۇ. شاھ ۋەزىرىنىڭ گېپىنى توغرا تېپىپ، يىگىتكە يەنە بىر ئالتۇنبېلىق تۇتۇپ كېلىشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت غەم - غۇسسە بىلەن ئۆيگە قايتىپتۇ - دە، بولغان ئىشلارنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپ، يەنە بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ. بېلىقچى يىگىت مىڭ بىر جاپا بىلەن يەنە بىر ئالتۇنبېلىق تۇتۇپ شاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. بۇ بېلىقنى كۆرگەن شاھ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، يىگىتنى نۇرغۇن ئىنئاملار بىلەن ئۆيگە قايتۇرماقچى بوپتۇ، بىراق ھېلىقى ۋەزىر:

— شاھىم، بۇ ئىسىل بىلىقلارنى يەتتىنچى ئاسماندىن ئابىھايات ئەكېلىپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ. بۇ بىلىقچىغا ئابىھايات ئەكېلىشنى تاپىلىساق، ئەكەلگەندىن كېيىن ئىنئام بېرىلسە قانداق بولاركىن؟ — دەپتۇ ۋە بىلىقچىغا بۇرۇلۇپلا، — ھەي بىلىقچى، سەن بىلىقنى تۇتۇپ كەل-گەنىكەنسەن، ئۇنى بېقىشقا ئابىھاياتنىمۇ ئەكېلىشىڭ كېرەك، ئەگەر ئەكېلەلمىسەڭ بېشىڭ كېتىدۇ، — دەپتۇ.

بىلىقچى يىگىت دەرد - ئەلەمگە چىدىماي، يىغلاپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ بىر يوغان چىنارنىڭ تۈۋىدە توختاپ ھاردۇق ئاپتۇ. ئۇ ھېرىپ ھالىدىن كەتكەچكە ئۇيۇ-قۇ بېسىپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە بىر ئاق ساقال بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، قايغۇرما. سەن مۇشۇ يولنى بويلاپ مېڭى-ۋەرگىن، بىر كۆل بويىغا يېتىپ بارىسەن. كۆل بويىدا بىردەم تۇرساڭ، ئاسماندىن بەش كەپتەر ئۇچۇپ چۈشىدۇ. ئۇلار يەرگە چۈشۈشى بىلەن گۈزەل قىزلارغا ئايلىنىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ، كۆلگە چۈشۈپ چۆمۈلۈشكە باشلاي-دۇ. سەن شۇ چاغدا تۇيدۇرماي بىرىنىڭ كىيىمىنى تى-قىۋال. ئۇ قىز ساڭا يالۋۇرۇپ يەتتىنچى ئاسماندىن ئا-بىھايات ئەكېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرگەندىن كېيىن كى-يىمىنى قايتۇرۇپ بەر، — دەپتۇ. بوۋاي سۆزىنى تۈگىتىش بىلەنلا بىلىقچى ئويغىنىپتۇ - دە، بوۋاي كۆرسەتكەن يول بىلەن مېڭىۋېرىپتۇ. بىر ئاي مېڭىپتۇ، چۆل - جەزىرى-

لەرنى بىسىپ ئۆتۈپتۇ، بىرقانچە تاغلاردىن ئېشىپتۇ، لېكىن كۆلنىڭ قارىسى كۆرۈنمەپتۇ، يەنە مېڭىۋېرىپتۇ، بىر يىل دېگەندە ئاندىن كۆلنىڭ بويىغا كەپتۇ. كۆل بويىدا بىر تۈپ چىنار بولۇپ، بىلىقچى يىگىت چىنارنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ قىزلارنىڭ ئۇچۇپ چۈشۈشىنى كۈتۈپتۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاسماندىن بەش كەپتەر ئۇچۇپ چۈشۈپلا بەش قىزغا ئايلىنىپ، كىيىملىرىنى سېلىپ كۆلگە چۆمۈلۈشكە باشلاپتۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چىرايلىق بىر قىزنىڭ كىيىمىنى تىقىۋاپتۇ. قىزلار سۇغا چۆمۈلۈپ، بىر ـ بىرى بىلەن سۇ چېچىشىپ ئوينىشىپ-





تۇ، ئاندىن كىيىملىرىنى كىيىشىپتۇ. لېكىن، ھېلىقى قىز كىيىمىنى تاپالماي ھەممە يەرنى ئىزدەشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ساقلاپ تۇرۇپ، ئاخىر كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. شۇ چاغدا بىلىقچى چىنار كەينىگە مۆكۈنۇۋالغان جايىدىن چىقىپ:
— ئەي قىز، ئەگەر پادىشاھ ماڭا يەتتىنچى ئاسماندىن ئابىھايات ئەكېلىسەن، دېمىگەن بولسا، مەن سىزنىڭ كىيىمىڭىزنى تىقىۋالمايتتىم. سىز ئابىھايات ئەكېلىپ بېرىشكە ۋەدە بەرسىڭىز، كىيىمىڭىزنى بېرىمەن، — دەپتۇ. قىز ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن كەپتەر ئاغزىدا بىر ياغاچنى چىشلەپ ئۇچۇپ كەپتۇ ـ دە، يەرگە چۈشۈپلا قىزغا ئايلىنىپ ياغاچنى يىگىتكە بېرىپ:
— مانا ئابىھايات، — دەپتۇ. يىگىت:
— قېنى ئۇ سۇ، بۇ ياغاچ ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ. قىز:
— بۇ ياغاچنى يەرگە شۇنداق بىر ئۇرسىڭىز بىر كۆل پەيدا بولىدۇ، — دەپتۇ ـ دە، كەپتەرگە ئايلىنىپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. يىگىت خۇشال ھالدا ئۆيىگە قايتىپ كەپتۇ.
ئەتىسى سەھەردە پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ، مانا ئابىھايات، دەپتۇ ـ دە، قولىدىكى ياغاچنى شاھقا كۆرسىتىپتۇ. پادىشاھ ئىشەنمەستىن:
— يالغان ! يالغان ! — دەپتۇ. يىگىت ئوردىنىڭ بىر چېتىگە بېرىپ ياغاچنى يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، زۇمرەتتەك

بىر كۆل پەيدا بوپتۇ. خان ۋە ئوردا ئەركانلىرى ھەيران- لىقتا ھوشىدىن كېتىپتۇ. يەنىلا ھېلىقى قاقۋاش ۋەزىر ئېسىنى يىغىپ، پادىشاھ ئالدىغا بېرىپ:

— مۇشۇ كۆل يېنىغا بىر ئالتۇن راۋاق ياساتساق، بۇ بېلىقچى بۇ راۋاقنى ئەتە سەھەرگىچە پۈتتۈرۈپ بولسۇن، ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنى تەخت بىلەن راۋاققا ئورۇنلاشتۇرساق بەكمۇ ياراشقان بولاتتى. شۇ چاغدا بۇ بېلىقچىغا ھەر- قانچە كۆپ مۇكاپات بەرسەكمۇ ئەرزىيدۇ، — دەپتۇ. پادى- شاھ ماقۇل بوپتۇ. يىگىت يىغلاپ - قاقشاپ ئۆيىگە يەت- كۈچە يەنە شۇ ئاۋۋالقى چىنارنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ ھاردۇق ئالغاچ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ، چۈشىدە يەنە شۇ بوۋاينى كۆرۈپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭغا:

— سەن ئويغانغاندا مۇشۇ چىنارنىڭ شېخىدىن بىر ھاسا ياسىۋالغىن، بۇ بىر خىسلەتلىك ھاسا بولىدۇ. سەن نېمە سورىساڭ، ئۇ ساڭا شۇنى تېپىپ بېرىدۇ. ئۇنى ئېلىپ بىر تاغقا بارسىڭ، ئۇ تاغدا نۇرغۇن بايلىقلار بار. سەن بۈگۈن كېچە تاغدىكى دىۋىلەر ئۇخلاپ قالغاندا، قورقماي بېرىپ بىر پارچە ئالتۇن ئېلىپ قاچقىن. شۇ ئالتۇننى ھاسا بىلەن بىر ئۇرساڭ، دەرھال ئالتۇن راۋاق پۈتىدۇ، — دەپتۇ. يىگىت ئويغىنىپ بوۋاينىڭ دېگىنىچە قىپتۇ. ئەتى- سى سەھەردە پادىشاھ ئوردىسىغا بېرىپ، ئالتۇننى كۆلنىڭ بويىغا قويۇپ بىر ئۇرغانىكەن، چىرايلىق ئالتۇن راۋاق پەيدا بوپتۇ. يىگىت پادىشاھقا:

— ئالىيلىرى، تاپشۇرۇقلىرىنى بەجا كەلتۈردۇم، — دەپتۇ. پادىشاھ دەسلەپتە ھەيران بولۇپ ئىشەنمەپتۇ، ئال-تۇن راۋاقتا يەنە قاراپ، يەنە قاراپ، ھەيران قاپتۇ - دە، ھەيرانلىقتا:

— بۇ يىگىت كىشى ئورۇندىيالمايدىغان مۇشكۇل ئىشنى ئورۇندىدى، — دەپتۇ. ھىلىقى ۋەزىر پادىشاھقا:

— ئەمدى ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرقى بىر تاپشۇرۇقنى بې-رەيلى. بۇ يەردىن بىر يىللىق يىراقتىكى باشقا بىر مەم-لىكەتتە خاننىڭ بىر قىزى بار. مەلىكە چىرايلىقلىقتا جا-ھاندا تەڭداشسىز، ئۇنىڭ چىرايىدىن ياغقان نۇردا كېچىمۇ كۈندۈزدەك يورۇپ كېتىدۇ. بىلىقچى يىگىت شۇ قىزنى تېپىپ كەلسۇن، بىز ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئانىسىنى زىندانغا سالايلى. بىلىقچى بۇ ۋەزىپىنى ئادا قىلالمىسا، ئا-نىسىنىڭ بېشىنى ئالدىغانلىقىمىزنى جاكارلايلى، — دەپ-تۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. بىلىقچى يىگىتنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پاراكەندە بولۇپ، نالە - پەرياد ئىچىدە كۆز يېشى قىلىپ ئوردىدىن قايتىپتۇ. يولدا يەنە شۇ چىنار دەرىخى-نىڭ تۈۋىدە ئارام ئاپتۇ - دە، هاردۇق يېتىپ كۆزى ئۇي-قۇغا كېتىپتۇ. چۈشىدە يەنە شۇ دانىشمەن بوۋاينى كۆرۈپ-تۇ. بوۋاي:

— ئوغلۇم، چىنارنىڭ شېخىدىن تۆت تال، ئورۇقىدىن تۆت تال ئېلىۋال، ئەسقېتىپ قالىدۇ. ھىلىقى ھاسىنى يەرگە شۇنداق بىر ئۇرساڭ، خاننىڭ قىزى تۇرۇۋاتقان

ھېلىقى شەھەرگە بارسەن. سەن بېرىپ ئۇ قىزنى خوتۇن-
لۇققا سورا، خان بۇنى ئاڭلاپ سەندىن بىر كېچە ئىچىدە
چوڭ بىر دەريا ئۇستىگە بىر ئاسما كۆۋرۈك سېلىشنى،
كۆۋرۈك يېنىغا بىر چارباغ پەيدا قىلىشنى ئېيتىدۇ. شۇ
چاغدا سەن ھاسىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇپ: « خاننىڭ ئەمرى
بويىچە مۇشۇ يەرگە كۆۋرۈك پەيدا قىل» دېگىن، ئاندىن
تۆت تال چىنار ياغىچىنى كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا تىكىپ قويە-
غىن ۋە: «خاننىڭ ئەمرى بويىچە بۇ يەردىن تۈمەن مىڭ
خىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان، زېمىنىدىكى بارچە قۇشلار
سايراپ تۇرغان بىر چارباغ پەيدا بولسۇن» دېگىن. ئاخىر
خان قىزنى ساڭا بېرىدۇ ۋە قىرىق كېچە ـ كۈندۈز
توي ـ تاماشا قىلىپ بېرىدۇ. بىرىنچى كېچىسى مۇلازىملار
خاننىڭ ئەمرى بويىچە قىرىق كىشىلىك تاماق ئەكېلىدۇ.
شۇ چاغدا سەن مۇشۇ تۆت تال چىنار ئۇرۇقىنى قازانغا
سېلىۋەتسەڭ بولىدۇ، ــ دەپتۇ. يىگىت ئۇيقۇدىن بىدار بو-
لۇپ، تۆت تال چىنار شىخى، تۆت تال چىنار ئۇرۇقى ئې-
لىۋېلىپ ھاسىنى يەرگە بىر ئۇرغانىكەن، ئاجايىپ بىر
شەھەرگە بېرىپ قاپتۇ. بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ
قارىغۇدەك بولسا، ئۆيدە بىر بوۋاي بىلەن مومايلا تۇرغۇ-
دەك. ئۇلار يىگىتتىن نەگە بارىدىغانلىقىنى سوراپتۇ. يى-
گىت:

ــ مەن غېرىب يېتىم، كىمنىڭ بالىسى بولمىسا بالا
بولغىلى، كىمنىڭ مۇشكۇل ئىشى بولسا ئاسانلاشتۇرغىلى

كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ. ئۇلارنىڭ پەرزەنتى يوق ئىكەن. ئۇنى ھەرگىز كېچىسى سىرتقا چىقماسلىق شەرتى بىلەن ئوغۇللۇققا قوبۇل قىپتۇ. يىگىتمۇ ماقۇل بوپتۇ. يىگىت ئۇلارنىڭ ئۆيىدە ئۇچ كۈن تۇرۇپتۇ. تۆتىنچى كۈنى كېچە-سى يىگىتنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، ئوغرىلىقچە تالاغا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، كېچە خۇددى كۈندۇزدەك يورۇپ كەتكە-نىكەن. بۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ھېلىقى ۋەزىر دېگەن تەڭداشسىز چىرايلىق قىز بار شەھەرگە كېلىپ قالغانلى-قىنى بىلىپتۇ. بىرئاز ئويلاپ ئاندىن يەنە ئۆيگە كىرىپتۇ. بىر كېچە كىرىپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇپتۇ. ئەتىسى ئەت-گەندە ئۇ موماي بىلەن بوۋايغا:

— سىلەر مەن ئۈچۈن خاننىڭ قىزىغا ئەلچى بولۇپ بېرىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار چۆچۈپ كېتىپ:


— ئەي ئوغلۇم، بىزدەك گادايلار قانداقمۇ خان قىزىغا ئەلچى بولۇپ بارالايمىز؟ — دەپتۇ. يىگىت:

— ئاتا، ئانا، سىلەر بېرىۋېرىڭلار، قەسەم قىلىمەنكى، ئۇلار سىلەرگە مۇتلەق زىيانكەشلىك قىلمايدۇ، دىلجەم بې-رىۋېرىڭلار، — دەپتۇ. ئۇلار ئاخىر كۆنۈپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ قولىغا بىردىن سۈپۈرگىنى ئېلىپ يەر سۈپۈرۈشكە باشلاپتۇ. بىر ياشانغان ۋەزىر بۇنى كۆرۈپ، خاننىڭ ھۇزۇ-رىغا كىرىپ ئىككى قېرى گادايىنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەن-لىكىنى خەۋەر قىپتۇ. خان دەرغەزەپكە كېلىپ، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېلىشنى ئويلاپتۇ، ئەمما يەنە ئاۋۋال قىلالمايدىغان

ئىشتىن بىرنى تاپشۇراي، قىلالمىسا ئاندىن بېشىنى ئالاي، دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇلارنى چاقىرىپتۇ. بوۋاي بىلەن موماي ئوردىغا كىرىپ خاننىڭ ئايىغىغا باش قويۇپتۇ. خان:

— سىلەرنىڭ ئوغلۇڭلار مېنىڭ قىزىمغا ئۆيلەنمەكچى بولسا، بىر كېچە ئىچىدىلا شەھەر سىرتىدىكى چوڭ دەريا ئۈستىگە بىر ئاسما كۆۋرۈك، ئۇنىڭ يېنىغا بىر چارباغ بىنا قىلسۇن، — دەپتۇ. ئۇلارنى غەم بېسىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ ۋە خاننىڭ پەرمانىنى ئوغلىغا دەپ بېرىپتۇ. ئوغلى:

— غەم قىلماڭلار، ھەممىسىنى بەجا كەلتۈرىمەن،



سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، — دەپ، ئۇلار ئۇخلاپ قالغان-
دىن كېيىن ھېلىقى دەريا بويىغا بېرىپ ھاسىنى يەرگە
بىر ئۇرغانىكەن، دەرياغا بىر ئاسما كۆۋرۈك پەيدا بوپتۇ.
يىگىت كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ، ئۇ قاتتىكى بىر بوش يەرنىڭ
تۆت بۇرجىكىگە بىر تالدىن چىنار نوتىسىنى سانجىپ،
ھاسىسىنى يەرگە ئۇرۇپ: «دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر
چارباغ بىنا بولسۇن! رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش
پۇراق چېچىپ تۇرسۇن! تۈمەن مىڭ خىل قۇشلار سايرى-
سۇن! زىمىستاندىمۇ ھاۋاسى يازدەك بولسۇن!» دەپتۇ.
راستتىنلا يىگىتنىڭ دېگىنىدەك بوپتۇ. سۇبھى تاڭ يورۇش
بىلەن تەڭ يىگىت بوۋاي بىلەن موماينى ئويغىتىپ، خانغا
ئۇنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرگەنلىكىنى خەۋەر قىلىشقا ئە-
ۋەتىپتۇ. خان ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ چارباغقا كەپتۇ.
باغقا يېقىنلاشقانسېرى ئىللىقلىق ھېس قىپتۇ، باغنىڭ
ھېسابسىز گۈزەللىكىنى كۆرۈپ چىن كۆڭلىدىن قايىل
بوپتۇ. ئوردىغا قايتقاندىن كېيىن، قىزىنى يىگىتكە بې-
رىشكە ئەمر قىپتۇ. بىرىنچى ئاخشىملا يىگىتنىڭ ئالدىغا
قىرىق كىشىلىك بىر قازان تائام تارتىپ، ئۇنى يەپ بو-
لۇشنى بۇيرۇپتۇ. يىگىت ئۇلاردىن پىنھان ھالدا چىنار ئۇ-
رۇقىنى قازانغا سېلىۋەتكەنىكەن، قىرىق كىشى پەيدا بولۇپ
تاماقنى بىراقلا ھاپ ئېتىپ يەپ تۈگىتىپتۇ. قىرىق كېچە -
كۈندۈز توي مۇراسىمى ئاياغلاشقاندا، يىگىت قىزغا:
— سىز مېنىڭ مەشۇقۇم بولسىڭىز، مېنىڭ شەرتىم-

گە كۆنۈشكىز كېرەك. مەن سىزنى دەپ بۇ يەرگە ئەۋەتكەن كىشىگە سىزنى ساق تاپشۇرمىسام بولمايدۇ، چۈنكى ئۇنداق قىلمىسام خان مېنىڭ ئانامنى ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ، ئانام تېخىچە زىنداندا تۇرماقتا، — دەپتۇ. قىز:

— ئۇنداق بولسا، بىز سىزنى ئەۋەتكەن پادىشاھنىڭ قېشىغا بارايلى، — دەپتۇ.

ئەتىسى ئۇلار بوۋاي - مومايلار بىلەن خوشلىشىپ، بىردىن تۇلپارغا مىنىپ بىردەمدىلا ئۆز شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ. يىگىت قىزنى باشلاپ ئوردىغا كىرگەنىكەن، پادىشاھ، ۋەزىر ۋە ئوردا ئەركانلىرى قىزنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆرۈپ ھەيرانۇھەس قاپتۇ ۋە يىگىتكە بارىكاللا، تەشەككۈرلەر بىلدۈرۈپتۇ. قىز يىگىتنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ:

— بۇ خان بىلەن رەزىل ۋەزىرى سىزگە بەكمۇ قىيىن تەلەپلەرنى قويۇپ سىزنى نابۇت قىلىشقا ئۇرۇنۇپتۇ. شۇنداقتىمۇ ئاللانىڭ قۇدرىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى، غېرىب، بىچارە ئانىڭىزنىڭ دۇئاسىنىڭ خاسىيىتى بىلەن دانىشمەن خىزىرغا ئۇچراپ، بارلىق شەرت، پەرمانلارنى بەجا كەلتۈردىڭىز. ئەمدى مەنمۇ شاھقا شەرت قويىمەن، — دەپتۇ. يىگىت ماقۇل بوپتۇ. قىز خانغا قاراپ:

— ئەي شانۇ شەۋكەتلىك شاھ، بۇ يىگىت سىزنىڭ شەرتىڭىزنى بەجا كەلتۈرۈپ، كۆپ رىيازەتلەرنى چېكىپ مېنى ئوردىڭىزغا ئەكەلدى. ئەمدى مەن سىزگە تەئەللۇق بولۇش ئۈچۈن ماڭا مەغرىب تەرەپتىكى شەھەر چېگ-

رىڭىزنى كۆرسىتىڭ. كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلىپ ئاندىن سىزگە تېگىمەن، ــ دەپتۇ. شاھ بۇ ئاددىي تەلەپ ئىكەن دەپ ئويلاپ، ۋەزىرلەر بىلەن بىللە قىز، يىگىتنى مەغرىب تەرەپتىكى شەھەر چېگرىسىغا باشلاپ بېرىپتۇ. خان قۇم بارخانلىرى ئارىسىدا ئۆسكەن ئىككى تۈپ توغراقنى كۆر-سىتىپ:

ــ بىزنىڭ شەھەرنىڭ چېگرىسى ئەنە ئاۋۇ توغراق بىلەن چەكلىنىدۇ، ــ دەپتۇ. قىز ۋەزىر بىلەن شاھنى ئىككى تۈپ توغراققا يېقىن بېرىپ تۇرۇپ كۆرسىتىشنى بۇيرۇپتۇ. خان بىلەن ۋەزىر قىزنىڭ دېگىنىدەك قىپتۇ. قىز بىر ئەپسۇن ئوقۇغانىكەن، قىزنىڭ تەلپى ئىجابەت بولۇپ، ئىككى تۈپ توغراق قاراسلاپ ئېگىلىپ خان بىلەن ۋەزىرنى چىرماپ ئۆلتۈرۈپ دەم تارتىپ كېتىپتۇ. بۇ ئالا-مەتلەرنى كۆرگەن باشقىلار ھەيران بولۇپ، قىز بىلەن يى-گىتنىڭ ئاياغلىرىنى سۆيۈپ «قۇللۇق» دەپ تۇرۇشۇپتۇ. قىز بىلەن يىگىت شەھەرگە كىرىپتۇ. يىگىتنى خانلىق تەختكە ئولتۇرغۇزۇپتۇ. يىگىتنىڭ ئانىسىنى زىنداندىن ئاچىقىپ ھاممامدا يۇيۇندۇرۇپ، ھەرەم خانىسىغا ئەكې-لىپتۇ. قىز بىلەن يىگىت قايتا قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، جامائەتكە ئاش بېرىپتۇ. بۇ شەھەردە خەلق-پەرۋەر ھاكىمىيەت بەرپا بوپتۇ. تۆگەل ئەل - جامائەت يېڭى پادشاھتىن رازى بوپتۇ. يىگىت، مەلىكە ۋە يىگىت-نىڭ ئانىسى بەختىيار ھايات كەچۈرۈشكە باشلاپتۇ.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
"filename": "5pav5Z2O5b635bCU5LiO5LmM5bCU5YiX5Y2hIOe7tOWQvuWwlOaWh180MDIwOTg0Ni56aXA=",
"filename_decoded": "\u65af\u574e\u5fb7\u5c14\u4e0e\u4e4c\u5c14\u5217\u5361 \u7ef4\u543e\u5c14\u6587_40209846.zip",
"filesize": 15011018,
"md5": "f4b98b98c3ba62a2ce55a94be9b26007",
"header_md5": "57aa2fb868aadb9726a033fdb5d24b12",
"sha1": "6c4de571f13767de8f4c2bd500b5d307f9fcc889",
"sha256": "cf438c780ed5ce3f05361aa8482e6c0a7234d8438e5186ba054addc7d3ba5bd9",
"crc32": 3547380992,
"zip_password": "",
"uncompressed_size": 15079893,
"pdg_dir_name":
"\u2566\u2563\u2510\u2593\u2561\u252c\u2562\u221a\u2559\u03b4\u256c\u250c\u2562\u221a\u2534\u2568\u2510\u00bf\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40209846",
"pdg_main_pages_found": 74,
"pdg_main_pages_max": 74,
"total_pages": 81,
"total_pixels": 334409728,
"pdf_generation_missing_pages": false
}